مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر



# بالدۇر ئويغانغان ئادەم

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

بالدۇر ئويغانغان ئادەم

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

مۇھەممەت شانىياز

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن

مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر
بالدۇر ئويغانغان ئادەم ــ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
ئاپتورى: مۇھەممەد شاھنىياز
*
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خاۋكۇن رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.875
2001 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 4 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 — 7 — 5371 — 4132 — 1
سانى: 5001 — 8000
باھاسى: 6.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


مەنمۇ كىتاب ئوقۇۋاتىمەن ........................ 1

مەكتەپ جەننەت، كەل داۋام ئەت ........................ 8

ئىلىم ئىزدەپ ........................ 13

تەخەللۇس ........................ 22

ئەڭ چوڭ ئەمەل ........................ 29

لوڭقىنى ياخشى كۆرەملا ياكى مېنىمۇ؟ ........................ 33

ماڭا بىلىم كەم........................ 38

بۇ مەدەنىيەت ........................ 43

ئۈچ چوڭ ئاپەت ........................ 47

بىلىمسىز ئادەم قوۋزاقسىز دەرەخ ........................ 53

خانىنىڭ تۇرمۇشى ........................ 60

ھەربىر ۋارىقىدىن گۆھەر چىقىدىغان كىتاب ........................ 64

قىممەتلىك سۆيۈنچە ........................ 67

خاراششوۋ پېرنۇۋد ........................ 73

«قالمىدى» ........................ 80

نەپسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا توغرا كەلسە ........................ 84

جەڭگىۋار مارش — «ئاچىل» ........................ 89

ئەڭ مۇھىم ئىش ........................ 93

خەلقىنىڭ تۈنجى قوراللىق قوشۇنى ........................ 96

قۇملۇقتىكى گۈلخانلار ........................ 102
ئوغۇل بالا ئەلنى تاشلاپ قاچمايدۇ .............. 105
سۆڭەك ئىچىدىن چىققان شېئىر ................ 110
ياشىسۇن ئازادلىق، يوقالسۇن زۇلۇم .............. 114

# مەنمۇ كىتاب ئوقۇۋاتىمەن

تۇرپاندىكى يېڭىشەھەر ئاۋات، قايناق بازار بولۇپ، تۇرپاننىڭ سودا مەركىزى ھېسابلىناتتى. شەھەر ئىچىدە مەشھۇر سارايلار، كاتتا مەسچىت، مەدرىسە ۋە گەزمال، مىلىچمال، چەرچىنمال دۇكانلىرى كۆپ ئىدى. چوڭ سودىگەرلەردىن مەخسۇت مۇھىتى، زۇپەر ھاجى، مىجىت ھاجىلارنىڭ توپ تارقىتىش سودا سارايلىرى شەھەرگە ھۆسن قوشۇپ بازارنىڭ كۆزىگە جايلاشقانىدى.

1901 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تاڭ سەھەر، بامدات نامىزىدىن يانغان مىجىت ھاجى يېنىدا سالماق قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان، ئۇچىسىغا ناۋات رەڭ شايىدىن يەكتەك كىيىپ، بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان، دائىم ساقال - بۇرۇتىنى ئەپچىلگىنە ياسىتىپ، پاكىز، سۆلەتلىك يۇرىدىغان كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇمنى ئالدىراتتى:

— تېزرەك بولايلى! قىزىم نىيازخاندىن ئەنسىرەۋاتىمەن، ئاللا ئىگەم شۇ يالغۇز قىزىمنىڭ تۇغۇتىغا ئاسانلىق بېرەرسەن، — مىجىت ھاجى شۇنداق دەپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇلار ئالدىراش ھويلىغا كىرىشىگە تۇغۇتلۇق ئۆيدىن بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. مىجىت ھاجى بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈردى. دەل شۇ ئەسنادا تۇغۇتلۇق ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، خىزمەتكار ئايال گۈلسۇم چىقىپ كەلدى:

— قېنى، سۆيۈنچە بېرىشسىلە، نىياز خېنىمنىڭ كۆ-زى يورۇدى!

مىجىت ھاجىم بىلەن ئابدۇراخمان مەخسۇم بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن گۈلسۇمنىڭ ئېتىكىگە تەڭ-گە تاشلاشتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ بوۋاققا «ئابدۇخالىق» دەپ ئات قويۇلدى.

ئابدۇخالىقنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ھەر يىلى ئەتىيازدا كۈيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇم يېزىلاردىن يىغقان پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم، يۇڭ - تېرە، قوغۇن قېقى قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى يۈزلىگەن تۆگىلەرگە ئارتىپ، كارۋان تارتىپ روسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىگە يۈرۈپ كېتەتتى. ئۇ يەردىن قازان، موسكۋا شەھەرلىرىگىچە باراتتى. قايتىشىدا ئۇ يەردىن رەخت، پولات، تۆمۈر، چويۈن، تۈنىكە جابدۇق، قەنت - گېزەكلەرنى ئەكېلەتتى. ئابدۇراخمان مەخسۇم قېينا-تىسى ئەكەلگەن ماللارنى تۇرپاندا توپ ساتاتتى.

مىجىت ھاجى بىلەن ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسى ئابدۇ-خالىققا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئۇلار ئابدۇخالىقنى ئۈچ ياش چېغىدىن باشلاپ ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. مىجىت ھاجى كۆپىنچە سودا ئىشلىرى بىلەن سىرتلاردا يۈرگەچكە، ئۆيدە ئەرەمسىما خېنىم بىلەن ئابدۇخالىق قالاتتى.

ئەرەمسىما خېنىم ساۋاتلىق، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بو-لۇپ، بىرقانچە يىل ئىلگىرى مىجىت ھاجى بىلەن تۇرپاندىن يولغا چىقىپ قەشقەر، كەشمىر، ھىندىستان ئارقىلىق سەئۇ-دى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، مۇقەددەس شەھەر مەككىدە ئۇلۇغ ھەج پەرزىنى ئادا قىلغان، ۋەتەنگە قايتقۇچە مىسىر، پەلەس-

تىن، سۈرىيە، تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستانلاردا بولغانىدى. ئەرەمسىما خېنىم ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن، كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ ئايال ئىدى، نۇرغۇن چۆچەك بىلەتتى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ناخشا - بېيىتلىرى بىلەن شۇنداق تەسىرلىك ئېيتاتتىكى، ئاڭلاۋاتقان ئادەم ئۆزىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسى ئابدۇخالىققا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەل ياتقۇ مەزگىلىگىچە «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئۇر توقماق» . . . قاتارلىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى، ئابدۇخالىق بولسا چوڭ ئانىسىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ تېخى بىر قېتىم ئېيتىپ بولغان چۆچەكنى ياندۇرۇپ ئېيتسا شۇئان بىلىۋېلىپ پەقەت ئاڭلىغىلى ئۇنىمايتتى. ئۇ كىچىكلىكىگە باقماي «غېرىب - سەنەم»، «بوز يىگىت»، «تاھىر - زۆھرە»، «يۇسۇپ ئەخمەت» قاتارلىق نۇرغۇن داستانلارنىڭ بەزى بېيىتلىرىنى ۋە بىرمۇنچە تۇرپان خەلق قوشاقلىرىنى يادلىۋالغانىدى.

مىجىت ھاجى كىتابقا ئامراق ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم سودا ئىشى بىلەن روسىيىگە بېرىپ قايتقىنىدا قازان، شەمەي شەھەرلىرىدىن يېڭى - يېڭى كىتابلارنى ئالغاچ كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە - مۇنچە كىتاب ئوقۇپمۇ قوياتتى. لېكىن كۆپ چاغلاردا كۆيئوغلى ئابدۇراخمان مەخسۇمغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى.

ئابدۇراخمان مەخسۇم ئەرەبچە، پارسچە تىل - يېزىقتىن خەۋىرى بار، خەنزۇچىنىمۇ بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. ئۇ قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە شام يورۇقىدا كىتاب ئوقۇسا، كىچىككىنە ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى مىجىت ھاجـ

نىڭ ئېتىكىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاتىسىنىڭ ئاغزىغا قارىغان پېتى قىزىقىپ ئاڭلاپ كېتەتتى. بەزى ئاخشاملىرى ئەھمەت خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرىنىڭ① «رەۋزەتۇلخۇزرا» («كۆكلەم باغ») داستانى ئوقۇلسا، بەزى ئاخشاملىرى نەسىردىن رابغۇزىنىڭ② «قىسسەسۇل ئەنبىيا» («ئەنبىيالار قىسسەسى») دېگەن ئەسىرى ئوقۇلاتتى. چوڭلار ئارىسىدا ئىخلاسمەن ئوقۇغۇچىدەك دىققەت بىلەن كىتاب ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىقنى كۆرگەن چوڭ ئانىسى: «ئۇيقۇلىرى كېلىپ قاپتۇ، جېنىم بالام، ئورۇنلىرىنى سېلىپ قويدۇم، يېتىپ ئۇخلىسىلا» دېسە، ئۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتسىمۇ، «ياق، ئۇخلىمايمەن» دەپ بېشىنى چايقاپ ياتقىلى ئۇنىمايتتى. مىجىت ھاجىنىڭ ئۆيىدە قىش كۈنلىرى كەچتە بولىدىغان بۇنداق كىتاب ئوقۇش سورۇنىغا بەزىدە تۇرپان ئاستانىلىق ياش سودىگەر مەخسۇت مۇھىتىمۇ③ ئىشتىراك قىلاتتى. مەخسۇت مۇھىتى مىجىت ھاجىنىڭ ئۆيىگە بەزى چاغلاردا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك دوستى، ياش شائىر نەمەت خەلپەتنى④ بىللە ئەكېلەتتى. شائىر نەمەت خەلپەت ھەزىلكەش، قىزىقچى، چاقچاقچى ئادەم بولۇپ، بەزىدە موللا زەيدىن لەتىپىلىرىدىن سۆزلەپ، بەزىدە ئۆزى لەتىپە توقۇپ ھەممىنى كۈلدۈرەتتى، بەزىدە يېڭى يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ سورۇننى جانلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇ شېئىرنى ناھايىتى يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن

---

① ئەھمەت خوجامنىياز قىسۇرى — شائىر (1717 — 1827).

② نەسىردىن رابغۇزى — XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان يازغۇچى، مۇتەپەككۇر.

③ مەخسۇت مۇھىتى — مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر زات (1885 — 1933).

④ نەمەت خەلپەت — شائىر، جامائەت ئەربابى (1888 — 1962).

ئوقۇغاچقا مىجىت ھاجىغا يېقىپ قالغانىدى. شۇڭا مىجىت ھاجى پات ـ پات نەمەت خەلپەتنى لوكچۇندىن تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا شېئىر ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. نەمەت خەلپەت بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن ئەقىل نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان زېرەك ئابدۇخالىقنى ياخشى كۆرەتتى، ئابدۇخالىقمۇ بۇ ياش شائىرغا ئامراق ئىدى.

نەمەت خەلپەت كىتاب ئوقۇشنى باشلىماستىنلا، ئابدۇخالىق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىۋالاتتى. نەمەت خەلپەت يېقىملىق، يۇمشاق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئەلشىر نەۋائىينىڭ «خەزائىنۇل مەئانى» («چاھار دىۋان») دىن ئوقۇغان غەزەللىرىنى ۋە «خەمسە» دىن ئوقۇغان ئاجايىپ قىزىقارلىق داستانلارنى، «گۈلىستان»[1] دىن ئوقۇغان ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىرلىك ھېكايەتلەرنى، بەزىدە لۇتفى، فۇزۇلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللانىيازى دىۋانلىرىدىن ئوقۇغان لىرىك غەزەللەرنى، نايىخان[2] نىڭ ساتىرىك شېئىرلىرىنى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئاڭلاپ، بەزىلىرىنى پىچىرلاپ يادلىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

مىجىت ھاجى ئائىلىسىنىڭ بۇنداق كىتاب ئوقۇش، ئاڭلاش ئادىتى كىچىك ئابدۇخالىقتا ئۆچمەس تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە جۇشقۇن ئىنتىلىش، قىزغىن ھەۋەس، ئاجايىپ ساماۋى ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى قوزغىغانىدى.

بىر كۈنى، ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىق

① «گۈلىستان» — شەيخ سەئىدىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى.
② نايىخان — پىچان ناھىيىسىنىڭ لۆكچۈن يېزىسىدا ئۆتكەن ساتىرىك شائىر (1850 — 1910).

قاتتىق مۇقاۋىلىق، قېلىن بىر كىتابنى ئېچىپ خېلى بىر هازاغىچە ئىمىر - چىمىر يېزىلغان خەتلەرگە كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە تىكىلىپ ئولتۇردى. كىتابتىن باش كۆ-تۈرگەن ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ، كۈلكىدىن ئاران ئۆزىنى توختىتىپ:

— بالام، نېمە ئىش قىلىۋاتىلا؟ — دەپ سورىدى.

— كىتاب ئوقۇۋاتىمەن! — دېدى ئابدۇخالىق چۇچۇك تىلى بىلەن، — هە راست، چوڭ ئانا! ماڭا خەت ئوقۇش بىلەن يېزىشنى قاچان ئۆگىتىپ قويىدىلا؟

ئەرەمسىما خېنىم نەۋرىسىنىڭ بۇدرۇق قوللىرى بىلەن كىتابنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىۋالغان تۇرقىدىن سۆيۈنگەن هالدا:

— چوڭ دادىڭىز شەمەيدىن قايتىپ كەلگەندە! — دېدى.

ئابدۇخالىق شۇ كۈندىن باشلاپ هەر كۈنى «چوڭ دادام كېلىدۇ!» دەپ كوچا بېشىغا چىقىۋالىدىغان بولدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، مىجىت هاجى نۇرغۇن مال بىلەن شەمەيدىن قايتىپ كەلدى. مىجىت هاجىنى بىرىنچى بولۇپ نەۋرىسى ئابدۇخالىق كۈتۈۋالدى.

مىجىت هاجى نەۋرىسى ئابدۇخالىققا شەمەيدىن ئېلىپبە ۋە دەپتەر، قېرىنداش ئالغاچ كەلگەنىدى. بۇ كۈنلەردە ئاب-دۇخالىقنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندەك بول-دى. «ئابدۇخالىققا چوڭ دادىسى ئاجايىپ سوۋغات ئەكەپتۇ» دېگەن خەۋەر بىردەمدىلا مەھەللىگە پۇر كەتتى.

ئابدۇخالىقنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئاجا-يىپ بىر تەشنالىقنى سەزگەن ئەرەمسىما خېنىم شۇ كۈندىن

باشلاپ، ئابدۇخالىققا ئېلىپبەنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئاب-
دۇخالىققا ھەر بىر يېڭى دەرس ئاجايىپ كۆڭۈللۈك تۇيۇلات-
تى. ئۇ ھەرپ ۋە سۆزلەرنى دەپتىرىگە دانىمۇ دانە چىرايلىق
قىلىپ يېزىپ بولمىغۇچە شىرەدىن قوپمايتتى. ئارىدىن بىر
يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا ئابدۇخالىق خەتلەرنى راۋان ئوقۇيالايدى-
غان ھەم يازالايدىغان بولدى.

# مەكتەپ جەننەت، كەل داۋام ئەت

1907 - يىلى مارت ئېيىنىڭ خەيرلىك بىر كۈنى تاڭ سەھەر. تۇرپاندىكى يېڭىشەھەرنىڭ غەربىنى شىمالدىن جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدىغان ئەسقەر ھاجى كارىزىنىڭ سۈپسۈزۈك زۇمرەتتەك سۈيى ئوقچۇپ ئېقىۋاتقان چوڭ ئېرىقتىن سۇس كۆتۈرۈلگەن ئاقۇچ ھورلار دىماغلارغا باھار ھىدىنى ئەكېلەتتى.

بېشىغا گۈللۈك دوپپا، ئۇچىسىغا يارشىملىق يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، چىرايلىق جىلتە ئاسقان ئابدۇخالىقنى چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى يېڭىشەھەر قازىخانا مەسچىتىدىكى خېلىل موللامنىڭ مەكتىپىگە ئوقۇشقا بەردى.

خېلىل موللام قىرىق ياشلاردىكى ئوتتۇرا بويلۇق، قارا ساقاللىق كىشى ئىدى. ئۇ ياشلىقىدا قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان بولۇپ بىلىمى مول، ئۇستا خەتتات ئىدى، بەزىدە غەزەل، رۇبائىيلارنىمۇ يېزىپ قوياتتى.

ئابدۇخالىق بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى، ئۇ مەكتەپكە ھەر كۈنى ھەممىدىن بالدۇر كېلىپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلايتتى. خېلىل موللام ئابدۇخالىقنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، ناھايىتى زېرەك بالا ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنى يېڭىدىن ئوقۇشقا كەلگەن باشقا بالىلارنى ئوقۇتقاندەك خەلپەتلەرنىڭ دەرس بېرىشىگىلا تاپشۇرۇپ قويماي، ھەر كۈنى ئۆزى ۋاقىت ئاجرىتىپ دەرس بېرىپ تۇردى.

ئابدۇخالىق يېرىم يىلغا بارمايلا ھەپتىيەكنى تۈگەتتى، ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ خېلىل موللام ئۆنىڭغا دىن دەرسىدىن باشقا يەنە تىل ـ ئەدەبىيات ۋە ھۆسنخەت دەرسلىرىنىمۇ ئۆتتى. ئابدۇخالىق شۇنداق ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندىكى، ئادەتتە باللار تۆت ـ بەش يىلدا ئوقۇپ بولىدىغان دەرسلەرنى ئىككى يىل ئىچىدىلا ئەلا دەرىجىدە ئوقۇپ تاماملىدى.

ئابدۇخالىق 1909 ـ يىل 9 ـ ئايدا يېڭىشەھەردىكى مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ھەمدۇللا داموللام ئەينى چاغدا قەشقەر خانلىق مەدرىسنى تاماملىغان، كېيىن بۇخاراغا بېرىپ داڭلىق بۇخارا مەدرىسنى تۈگەتكەندىن كېيىن، روسىيىنىڭ ئوفا، قازان شەھەرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زات ئىدى. ئۇ سەككىز ياشلىق ئابدۇخالىقنىڭ مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگىنىدىن تولىمۇ سۆيۈندى. ئۇ ئابدۇخالىققا دەرس بېرىشنى پېشقەدەم مۇدەررىس نىياز موللامغا تاپشۇردى. ھەمدۇللا داموللام ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئابدۇخالىقنىڭ ئۆگەنگەن دەرسلىرىدىن سىناق ئېلىپ تۇردى. ھەربىر قېتىملىق سىناقتا ئابدۇخالىق سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ، ھەمدۇللا داموللامنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولاتتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. بىر كۈنى ھەمدۇللا داموللام مۇددەرس نىياز موللام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئابدۇخالىقتىن بىر يىلدىن بۇيان ئوقۇغان دەرسلىرىدىن ئىمتىھان ئالدى. ئابدۇخالىق تىل، ئەدەبىيات، ئىلمىي تەجۋىد (قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ ئوقۇش)، ئەبجەد ھېساب قاتارلىق دەرسلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتۈپ، ئۇستازلىرىنى تولىمۇ سۆيۈندۈردى.

— ئىلىم ئۆگىنىشكە مۇشۇنداق ئىشتىياق باغلىغان، تىرىشچان بالىنى تېخى ئۇچراتمىغانىدۇق. تىل ئۆگىنىش، تىلنى پۇختا ئىگىلەش — ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مۇقەددەس ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچتۇر. ئابدۇخالىقنى بۇ ئالتۇن ئاچقۇچقا ئىگە قىلىشىمىز لازىم، — دېدى ھەمدۇللا داموللام ۋەزمىن ئاھاڭدا.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىققا مەدرىستە ئوقۇلىدىغان ئادەتتىكى دەرسلەرگە قوشۇپ نىياز موللام پارس تىلىدىن، ھەمدۇللا داموللام ئەرەب تىلىدىن مەخسۇس دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۈچ يىل ئۆتتى. ئابدۇخالىق مەدرىسنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتتى.

1913 - يىل 3 - ئايدا مىجىت ھاجى باشلىق بىرنەچچە سودىگەر يېڭىشەھەرنىڭ ئۇرۇمچى كوچىسىدىكى مىرزابايىنىڭ قورۇسىدا يېڭىچە مەكتەپ ئاچتى. ئابدۇخالىق بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. غۇلجىدىن تەكلىپ بىلەن كەلگەن شېرىپ-جان مۇئەللىم روسىيىنىڭ تاشكەنت، قازان شەھەرلىرىدە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، كېيىن غۇل-جىغا قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان زىيالىي ئىدى. ئۇ ئابدۇخالىقنى سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا باشقا ئوقۇغۇچى-لاردىن پەرقلىق ھالدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىن-چى يىللىق تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلىرىنى ئۆتۈشكە باشلىدى. شېرىپجان مۇئەللىم ناھايى-تى تەلەپچان ئۇستاز ئىدى. ئۇ ھەر ھەپتىدە ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قېتىم سىناق ئىمتىھان ئالاتتى. ئىلىم - پەنگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ ئىجتىھات بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان ئابدۇخالىق ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشەتتى.

شېرىپجان مۇئەللىم دەرس ئارىلىقىدا ئوقۇغۇچىلارغا روسىيىدىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، ئوقۇغۇچىلارنى دەرستىن سىرت ھەرخىل پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇراتتى. بۇ ھال بالىلارنى قىزىقتۇردى، «بۇ مەكتەپتە ئوقۇيمىز» دېگۈچى بالىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. لېكىن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قىسىم جاھالەتپەرەس، مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر: «بۇ مەكتەپ ھېساب، جۇغراپىيە دەپ بىسمىللاسى يوق بىرنېمىلەرنى ئوقۇتىدىكەن، يەرنى يۇمىلاق دەيدىكەن» دېگەندەك پىتنە - پاساتلارنى توقۇپ، ياڭ زېڭشىنغا ئەرز - شىكايەت قىلىشتى. يېڭىچە مەكتەپلەرنى تاقىتىۋېتىشكە باھانە تاپالمايۋاتقان ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى كۆرۈپلا، بۇيرۇق بىلەن بۇ يېڭىچە مەكتەپنى تاقاتتۇرۇۋەتتى، شېرىپجان مۇئەللىمنى ئۇردۇرۇپ قوغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەرىپەت ئاسمىنىدىكى بىر چىراغ ئۆچۈپ، تەرەققىيپەرۋەرلىك ھەرىكىتى يىمىرىلگەندەك بولدى.

ئوقۇۋاتقان مەكتىپى تاقىلىپ ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈمىد چىرىغى ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ياندى. يەن - مائارىپ ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى جاھالەت بۇلۇتى قاپلىغان كونا تۇرپاندا ئىلىم - مەرىپەت مەشئىلىنى ياندۇرۇپ باتۇرلارچە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ 1914 - يىل 8 - ئايدا تۇرپان ئاستانىدا بىر يېڭىچە يەننى مەكتەپنى ئاچتى. تۇرپان ئويمانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن بۇ مەكتەپ «مەخسۇدىيە مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. مەخسۇدىيە مەكتىپىدە مەخسۇت مۇھىتى روسىيىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تاتار زىيالىيلىرىدىن

ھەيدەر سايرانى، مۆھەببۇللا، گۈلەندەم قاتارلىقلار ئوقۇتقۇچى بولدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تۇرپان، پىچان، توقسۇن، گۇچۇڭلاردىن بولۇپ قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ رەسمىي دەرس باشلاندى. بۇنى ئاڭلاپ دىلى سۆيۈنگەن ئابدۇخالىق ئۆزىدىن ئىككى ياش كىچىك ئۇكىسى ئابدۇقەييۇم بىلەن يېڭىشەھەردىن ئاستانىگە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدى. ھەيدەر ئەپەندى ئۇنى سىناپ كۆرۈپ: «بۇ بالا كۆپ نەرسە بىلىدىكەن، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇسا بولغۇدەك» دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇخالىقنىڭ ئىنىسى ئابدۇقەييۇم مەخسۇدىيە مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى. ئابدۇخالىق بولسا يېڭىشەھەرگە قايتىپ كەتتى.

# ئىلىم ئىزدەپ

مىجىت ھاجى نەۋرىسى ئابدۇخالىقنىڭ ئىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 10 - ئايدا ھەيدەر سايرانى-نىڭ ساۋاقدىشى، موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن تاتار زىيالىي ئەلى ئىبراھىموۋنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئەلى ئىبراھىموپ ئابدۇخالىقنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى. ئەلى ئەپەندى تۇرمۇشتىكى سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ ئۆز مەقسىتىنى چۈشەندۈرەلىگىنى بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرەلمەيتتى. ئابدۇخا-لىقمۇ تاتار تىلىنى تولۇق بىلمەيتتى. شۇڭا، ئەلى ئەپەندى ئابدۇخالىققا ئالدى بىلەن تاتار تىلى ئېلىپبەسىدىن دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۆزىمۇ كەمتەرلىك بىلەن ئابدۇخالىقتىن ئۇيغۇرچىنى ئۆگەندى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، ئابدۇخالىق تاتار ئېلىپبەسىنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، ئەلى ئەپەندىنىڭ سۆز-لىرىنى چۈشىنەلەيدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەلى ئە-پەندى رەسمىي دەرس باشلىدى.

ئابدۇخالىق شېئىرغا قىزىققاچقا دەرستىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىدا دائىم شېئىر يادلايتتى، بەزىدە شېئىر - قوشاق-لارنىمۇ يېزىپ تۇراتتى. بۇ ھال ئەلى ئىبراھىموپنىڭ دىققى-تىنى قوزغىدى. ئۇ ئەدەبىيات دەرسىدە تاتار خەلق شائىرى ئابدۇللا توقاينىڭ (1886 — 1913 - يىللار) ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە مەخسۇس توختالدى. روسىيە-

دىن ئالغاچ كەلگەن ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرى بېسىلغان كىتاب - ژۇرناللارنى ئابدۇخالىققا بېرىپ تۇردى. ئابدۇخالىق تالانتلىق تاتار شائىرىنىڭ شېئىرلىرى بېسىلغان كىتابنى خۇددى تىلتۇماردەك يېنىدىن ئايرىماي ئاجايىپ ھېرىسمەنلىك بىلەن ئوقۇپ كېتەتتى. ئابدۇخالىق ئۆزىنى ئۆتمەيلا ئابدۇللا توقاينىڭ بىرمۇنچە شېئىرلىرىنى يادلاپمۇ ئالدى. كېيىن قازاق خەلق شائىرى ئاباينىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشتى. ئابدۇللا توقاي بىلەن ئاباينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرى ئابدۇخالىقنىڭ بىغۇبار قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

ئارىدىن بىر يېرىم يىل ئۆتتى. تىرىشچان ئابدۇخالىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ تاماملىدى. ئۇ بۇنىڭغا پەقەت قانائەتلەنمەيتتى، «يەنە ئوقۇسام» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ قىزغىن ئارزۇسىنى ئۇستازى ئەلى ئىبراھىموف قوللىدى، ئۇ مىجىت ھاجىغا ئابدۇخالىقنى «داۋاملىق ئوقۇتۇڭ» دېدى. مىجىت ھاجى: «تۇرپاندا ئۇنى ئوقۇتقۇدەك مەكتەپ بولمىسا» دېۋىدى، ئەلى ئىبراھىموف كۈلۈپ كېتىپ:

— سىز ھەر يىلى روسىيىگە سودىغا بارىسىزغۇ، ئابدۇخالىقنىمۇ بىرگە ئېلىپ بېرىپ رۇس مەكتىپىدە ئوقۇتۇڭ، ھېچبولمىغاندا سودا ئىشلىرىڭىزغا پايدىسى تېگىدۇ، — دېدى. مىجىت ھاجى بۇنىڭغا قوشۇلدى. روسىيىگە ئوقۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلدى.

1916 - يىل 2 - ئايدا، ئون بەش ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىق چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ۋە مەخسۇت مۇھىتنىڭ سودا كارۋانلىرى بىلەن روسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىگە

قاراپ يولغا چىقتى. چوڭ دادىسى ئۇنىڭغا ئۇ ياخشى كۆرىدى-
غان يورغىسى ياخشى، يۇۋاش ئاق قاشقىلىق جەدە ئاتنى
چىرايلىق جابدۇپ بەرگەنىدى. ئابدۇخالىق مەنزىلگە يېتىشكە
ئالدىراپ بەزىدە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كارۋاندىن خېلىلا ئۇزاپ
كېتەتتى. ھەربىر يەرگە كەلگەندە ئابدۇخالىق «بۇ تاغنىڭ
ئېتى نېمە؟» «بۇ يەر نە؟ نېمىشقا بۇنداق ئاتالغان؟» دەپ
سورايتتى. مەخسۇت مۇھىتى بولسا ئۇنىڭ سوئاللىرىغا قانا-
ئەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەتتى. سەپەر جەريانىدا ئابدۇخالىق
نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدى. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بې-
سىپ 5 - ئاينىڭ بېشىدا روسىيىنىڭ شەمەي شەھىرىگە
يېتىپ باردى، ئاندىن سودا يەرمەنكىسى بولۇۋاتقان قازان
شەھىرىگە كەلدى.

مىجىت ھاجى قازانغا كېلىپ ئەتىسى ئابدۇخالىقنى ئې-
لىپ كوچىغا چىقتى. ئۇزۇن ماڭمايلا مىجىت ھاجىنىڭ
ئىككى تاتار سودىگەر تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ قىزغىن پاراڭغا
چۈشۈپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا قوللىرىغا بىردىن كىتابنى
كۆتۈرۈپ ئىككى تاتار بالا نېرىدىكى سېرىق بىنادىن چىقىپ
كەلدى. ئابدۇخالىق بالىلاردىن كىتابنى قەيەردىن ئالغانلىقى-
نى سورىۋېدى، بالىلارنىڭ بىرى: «ئاۋۇ كىتابخانىدىن»
دەپ نېرىدىكى سېرىق بىنانى كۆرسەتتى. ئابدۇخالىق «دا-
دامنىڭ گېپى تۈگىگۈچە كىرىپ چىقاي» دەپ كىتابخانىغا
كىرىپ بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

ئابدۇخالىقنىڭ قىزىقىپ قالغىنى — موللامۇسا سايرا-
مىنىڭ[1] 1904 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تارىخىي ئە-

[1] مولامۇسا سايرامى (1836 — 1917 - يىللار) — ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى ۋە شائىرى.

مىنىيە»ناملىق كىتابى ئىدى. ئۇ كىتابقا بېرىلىپ كېتىپ، چوڭ دادىسىنىڭ ئۆزىنى كوچىدا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ھەتتا قورسىقى ئاچقانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. پەقەت كىتابخانا خىزمەتـ چىسى «چۈشلۈك تاماققا بارىمەن» دېگەن چاغدىلا پۇلنى تۆلەپ كىتابنى سېتىۋېلىپ كوچىغا چىقتى. كوچىدا چوڭ دادىسى كۆرۈنمەيتتى. كوچىدا خىلمۇخىل ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئابدۇخالىق قەيەرگە بېرىشنى بىلمەي تۇرغان بىر چاغدا بىر دوقمۇشتىن چوڭ دادىسى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى چىقىپ كەلدى. ئابدۇخالىقنى كۆرگەن مىجىت ھاـ جى ھاسىراپ تۇرۇپ:

— سىزنى يىتىپ كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئىزدىگەـ لى نەۋاخ، — دېدى تېرىكىپ. ئابدۇخالىق قولىدىكى كىتابـ نى كۆرسىتىپ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. مىجىت ھاجى كىتابنى كۆرۈپ ئاچچىقىدىن ياندى ـ دە:

— بوپتۇ، قازانغا كېلىپلا بىر خەيرلىك سودا قىلىپـ سىز، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن يېنىمدىن ئاجرىماڭ، — دېدى.

— بۇ بالىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى قارىمامسىز، ھاجىم، — دېدى كېتىۋېتىپ مەخسۇت مۇھىتى، — چەت ئەلگە چىقىپ تۇنجى قىلغان سودىسى كىتاب ئېلىش بوپتۇ. كىتاب — بىلىم باغچىسى، ئىنساننىڭ يېقىن دوستى. ئابدۇخالىق، سىز ئەھمىيەتلىك سودا قىپسىز، بىراق ئۇن ـ تىنسىز يوقىلىپ كەتمەڭ.

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ماللىرىنى ئىكـ كى كۈندىلا سېتىپ بولۇپ، ئابدۇخالىقنى بىرگە ئېلىپ نوۋگورود شەھىرىگە، ئۇ يەردىن موسكۋا شەھىرىگە باردى.

ئۇلار موسكۋادا بەش كۈن تۇرۇپ ئابدۇخالىقنى شەھەر ئايلان-دۇرۇپ سەيلە قىلدۇردى. ئاندىن سودىلىقنى تۈگىتىپ شەمەيگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار چۈشكەن كارۋان سارىيىنىڭ خوجايىنى ئىسھاقنىڭ كىچىك ئوغلى شېرىپ ئومىسكىدا گىمنازىيىدە[1] ئوقۇيتتى. يازلىق تەتىل بولغاچقا، ئۇ ئۆيدە ئىدى. ئابدۇخالىق ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك شېرىپ بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن كۆڭلى ئەمىن تاپقان مىجىت ھاجى ئابدۇخالىقنى رۇسچە مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى ئىسھاققا تاپشۇردى ــ دە، مەخسۇت مۇھىتى بىلەن بىللە موسكۋا، قازان شەھەرلىرىدىن سېتىۋالغان ماللىرىنى تۆگى-لەرگە ئارتىپ تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى.

شېرىپ ئابدۇخالىققا رۇس ئېلىپبەسىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ھەرپ ۋە سۆزلۈكلەرنى يېزىشقا باش-لىسا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولسىمۇ ئۈستەلدىن قوپمايتتى، شېرىپ دائىم ئابدۇخالىققا رۇسچە سۆزلەيتتى. ئابدۇخالىق جاۋاب بېرىشكە تىرىشىپ دۇدۇقلاپ كەتسىمۇ، ئۆز مەقسى-تىنى رۇسچە ئۇقتۇرمىغىچە توختىمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇخالىق ئىككى يېرىم ئايدا رۇس ئېلىپبەسىنى تۈگەتتى.

ئىسھاق ئابدۇخالىقنى رۇسچە باشلانغۇچ مەكتەپكە بەر-دى. ئېگىز بويلۇق، كۆزەينەك تاقىغان، تاقىر باش مەكتەپ مۇدىرى مىخايلوف ئابدۇخالىقنى سىناپ كۆرۈپ، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

مۇدىر مىخايلوف ئابدۇخالىقنى ئىككىنچى سىنىپنىڭ مەسئۇل مۇئەللىمى ئاننا ۋاسىلىيېۋناغا تاپشۇردى. ئوتتۇرا بويلۇق، يېشى ئوتتۇز بەشتىن ئاشقان ئانناۋاسىلىيېۋنا ئابدۇ-

---

[1] گىمنازىيە — رۇسچە ئوتتۇرا مەكتەپ.

خالىقنىڭ تۇرپاندىن ئوقۇشقا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئەدەپلىك، تىرىشچان ئابدۇخالىقنى ئاناۋاسلىيېۋنا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر سائەت رۇس تىلىدىن قوشۇمچە دەرس بېرىپ تۇردى. ئابدۇخالىقنىڭمۇ كۈتكىنى شۇ ئىدى. ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي رۇس تىلىنى پىششىق ئىگىلىۋېلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەچكە يېرىم يىلدا رۇس تىلىدا ساۋاقداشلىرىغا يېتىشىۋالدى. 1917 - يىل 6 - ئايدا ئابدۇخالىق ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلىرىنى تاڭ قالدۇرۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئۈچىنچى سىنىپقا كۆچتى.

1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلىدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇلۇپ سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. بىراق، 12 - ئايغا بارغاندا گىراژدانلار ئۇرۇشى باشلىنىپ، ئۇرۇش ئوتى سىبىرىيىگىچە تۇتاشتى. شەمەيدىكى مەكتەپتە ئوقۇش توختىدى.

1918 - يىل 4 - ئايدا ئابدۇخالىق ئۇرۇمچىگە ماڭغان سودا كارۋانلىرى بىلەن ئانا يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئابدۇخالىق تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ ئىككى ئاي تەييارلىق قىلىپ بەزىلەرنىڭ مەسخىرىسى ۋە تاپا - تەنىلىرىگە پىسەنت قىلماي 9 - ئايدا يېڭىشەھەردىكى خەنزۇچە مەكتەپ — شۆتاڭغا ئوقۇشقا كىردى.

شۆتاڭدا ئابدۇخالىقنى ۋۇ لاۋشى بىرىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلدى. ۋۇ لاۋشى ئەسلى پىچان خاندۇلۇق ئۇيغۇر ئىبراھىم چېچەكچى دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ بۇرۇن ئۇرۇمچىدە ئالىي شۆتاڭنى ئەلا پۈتتۈرۈپ، شيۇسەي (تۆۋەن دەرد-

جىلىك ئىلمى ئۇنۋان) ئۇنۋانىنى ئالغانىدى. ئۇ يېڭىشەھەر-دىكى بۇ شۆتاڭغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگىلى تېخى ئىككى يىل بولغانىدى. ئادەتتە باشقىلار ئۇنى «ۋۇ لاۋشى» (ۋۇ مۇئەللىم) دەپ ئاتايتتى. ۋۇ لاۋشى باشقا كىشىلەردىن ئاب-دۇخالىقنىڭ شەمەيدە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ دەسلەپكى دەرسلەردىلا ئابدۇخالىقنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تۇتۇ-ۋېلىش قابىلىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىل-دى.

ۋۇ لاۋشى شۇ زامانىنىڭ مەكتەپ قائىدىسى بويىچە ئابدۇ-خالىققا «خا ۋېنسەي» (يەنى تالانت ئىگىسى ئابدۇخالىق دېگەن مەنىدە) دەپ خەنزۇچە ئىسىم قويىدى.

ئابدۇخالىق شۆتاڭدا تىرىشىپ ئوقۇدى. ۋۇ لاۋشىمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ ھەركۈنى دەرستىن سىرت بىر سائەت خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتتى. ئابدۇخالىق ئۆيىگە قايتقاندىمۇ ئازراق دەم ئېلىۋېلىپلا خەنزۇچە خام خەتلەرنى ئوقۇش، يېزىشنى مەشىق قىلدى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، شۆتاڭنىڭ يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ما جەنلىڭ (خۇيزۇ)، ئەي تىرېن (ئۇيغۇر، ئەسلى ئىسمى مەمتىلى) لەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خام خەتلەرنى سوراپ ئۆگەندى. بى-رىنچى مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندا ئابدۇخالىقنىڭ نەتىجىسى سى-نىپ بويىچە ئەڭ يۇقىرى بولۇپ چىقتى. ۋۇ لاۋشى بۇنى مەكتەپ مۇدىرىغا مەلۇم قىلدى. مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇخا-لىقنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرۈپ قايىل بولدى. ئۇ:

— خا ۋېنسەي (ئابدۇخالىق) ھەقىقىي رېنسەي (تالانت-لىق) ئىكەن، — دېدى.

مۇدىر 1919 - يىلى 2 - ئايدا، ئىككىنچى مەۋسۇملۇق

دەرس باشلانغاندا ئابدۇخالىقنى بىرىنچى سىنىپتىن ئۈچىنچى سىنىپقا ئاتلاتتى.

1919 ـ يىل 5 ـ ئايىنىڭ بىر كۈنى ئابدۇخالىق تۇرپان كونىشەھەردىكى دوستى قادىر ئاشۇروفنىڭ ئۆيىگە باردى. ئىككى دوست سەگىدىگەچ ھويلىنىڭ كەينىدىكى باغقا چىقتى. باغنىڭ بىر چېتىدىكى ئېرىقتا شىلدىرلاپ سۇ ئاقاتتى. ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئېرىق بويىغا سۇ ئالغىلى بىر قىز كەلدى. بۇ گۈزەل قىزنى كۆرۈپ ياش ئابدۇخالىقنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت ئوتى تۇتاشتى.

— ئۇ قىز كىم؟ — سورىدى قادىردىن.

— ئىمىنىياز بەگنىڭ قىزى نىيازخان، — دېدى قادىر.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئابدۇخالىق ئۆزىنىڭ بىر پارچە شېئىر يېزىپ، نىيازخانغا تەقدىم قىلدى. ئەسلىدە ئىككى يىل بۇرۇنلا مىجىت ھاجى بىلەن ئىمىنىياز بەگ ئائىلىلىرى توي قىلىشقا پۈتۈشۈپ قويۇشقانىدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ ئابدۇخالىق بىلەن نىيازخاننىڭ تويى بولدى. نىكاھ ئوقۇلغاندا ئابدۇخالىقنىڭ ئاپىسىنىڭ ئىسمىمۇ نىيازخان بولغاچقا كېلىنىنىڭ ئىسمىنى ئايىمخانغا يۆتكەپ قويدى.

1919 ـ يىل 9 ـ ئايدا، شۆتاڭغا بېيجىڭدىن بەي فامىلىلىك بىر ياش مۇئەللىم كەلدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئوقۇۋاتقان تۆتىنچى سىنىپقا مەسئۇل بولدى. بەي مۇئەللىم ئابدۇخالىقنىڭ باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، بىر كۈنى ئۇنى ئۆز ياتىقىغا تەكلىپ قىلىپ سۆھبەتلەشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تېزلا يېقىنلىشىپ كەتتى. بىر كۈنى بەي مۇئەللىم ئابدۇخالىققا بېيجىڭدا پارتىلە-

غان «4 - ماي» ھەرىكىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بۇ ئابدۇخالىقنى ناھايىتى قىزىقتۇردى. بۇنى كۆرگەن بەي مۇئەللىم «4 - ماي» ھەرىكىتىگە دائىر ماقالىلەر بېسىلغان گېزىت - ژۇرناللارنى يوشۇرۇنچە ئابدۇخالىققا ئوقۇشقا بەردى. ئابدۇخالىق بەي مۇئەللىم بەرگەن گېزىت - ژۇرناللارنى ناھايىتى قىزىقىپ ئوقۇدى. ئۇ بۇنداق ئىلغار كۆز قاراشتىكى ماقالىلەرنى ئوقۇغانسېرى قەلبىدە يېڭى - يېڭى ئارزۇ - ئىستەكلەر تۇغۇلۇشقا باشلايتتى.

# تەخەللۇس

ئابدۇخالىقنىڭ ئايىمخانغا بېغىشلاپ شېئىر يازغانلىقىنى، بۇ شېئىرنىڭ ئايىمخاندا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئايىمخاننىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ تويىدىن كېيىن ئاڭلاشتى. ئۇلار ئايىمخاننىڭ «مېنى تولا خىجالەت قىلماڭلار» دەپ، بەرگىلى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنىڭدىن شېئىرنى ئېلىپ قىزىقىپ ئوقۇشتى ــ دە، دەررۇ كۆچۈرۈۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇخالىقنىڭ ۋاپادار يارى ئايىمخانغا بېغىشلاپ يازغان «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق شېئىرى ئەل ئىچىگە تارقىلىپ كەتتى.

ئۆتكەن زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شەرق شائىرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئابدۇخالىق ئۆسمۈر چېغىدىن باشلاپلا يازغان مەشىق شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆز ئىسمىنى قوشۇپ قوياتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئۆزىچە «ياخشى يازدىم» دەپ ھېسابلىغان شېئىرلىرىنىمۇ ئۇستازلىرىدىن باشقا ئادەملەرگە كۆرسەتمەيتتى. يېشىنىڭ چوڭىيىشى، بىلىمىنىڭ كۆپىيىشى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە جۇشقۇن ئىنتىلىشلەر پەيدا بولدى. بولۇپمۇ بالاغەتكە يېتىشكە ئەگىشىپ ئۇنىڭدا ئىشقى مۇھەببەت ئويغاندى. گۈزەل، ۋاپادار ئايىمخانغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئۇنىڭدىكى ئوتلۇق ھاياجان ۋە جۇشقۇن ھېسسىياتنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. نەتىجىدە ئۇ «ئۇيغۇر قى-

ـزى» نى يازغاندىن كېيىن «بەختىگۈل» ، «ئۈمىد تەبەسسۇ-
مى» ، «سېغىنىش» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يېزىپ
دوست - بۇرادەر ، ساۋاقداشلىرىنىڭلا قىزىقىشىنى قوزغاپ
قالماي، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار بىلەن ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ
دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. چۈنكى ئابدۇخالىقنىڭ ھەر-
بىر شېئىرى بىر چوڭقۇر مەزمۇننى جانلىق، ئىخچام، گۈ-
زەل قىلىپ ئىپادىلەپ بېرەتتى. شېئىردىكى بۇنداق پىكىر
كۆپىنچە خەلق كۆڭلىدە ئويلىغان، ئەمما دېيەلمەيۋاتقان نەر-
سىلەر بولاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تىلى كلاسسىك شې-
ئىرلاردەك چاغاتاي تىلىدا يېزىلىپ، ئەرەبچە، پارسچە ئاتال-
غۇلار بىلەن بېزەلگەن بولماستىن، ئۇيغۇر خەلقىگە چۈشى-
نىشلىك گۈزەل، جانلىق تىل ئىدى.
ئابدۇخالىق بىر كۈنى شائىر نەمەت خەلپەت بىلەن شې-
ئىرىيەت توغرىسىدا سۆزلەشكەندە پېشقەدەم شائىر نەمەت
خەلپەت ئۇنىڭغا: «بىرىنچىسى، شېئىردا پىكىر يېڭى بولۇ-
شى، باشقىلار دېگەن كونا مۇقامنى تەكرارلىماسلىق كېرەك.
ئىككىنچىسى، شائىر شېئىرلىرىنى خەلققە ئاتاپ يېزىشى،
بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى خەلق چۈشىنىدىغان گۈزەل تىلدا يېزىش
كېرەك» دېگەنىدى. ئابدۇخالىق پېشقەدەم شائىر نەمەت خەل-
پەتنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ئىجادىيەتتە ئۇنىڭغا
ئەمەل قىلدى.
1921 - يىل 4 - ئاينىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى.
ئابدۇخالىق ئۆيىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە جايلاشقان يېزىقچى-
لىق ئۆيىدە بىر شېئىرنى يېزىپ بولۇپ ئولتۇراتتى. ئىشىك
چېكىلىپ دوستلىرىدىن ھېساممىدىن زۇپەر بىلەن ئەكبەرخان
كىرىپ كەلدى. سالام - سائەتتىن كېيىن، ئەكبەرخان ئۇس-

تەل ئۈستىدىكى ئۈچ پارچە شېئىرنى قولىغا ئېلىپ ماۋزۇ-
لىرىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇدى: «ئىستىمەس»، «يۈرەك
باغرىم ئېزىلدى»، «ئويغان».

— پاھ، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئۈچ پارچە شېئىر يې-
زىپتىلا - دە؟

ئابدۇخالىق تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئەكبەرخان
قولىدىكى شېئىرلارنى ئوقۇپ چىقىپ ھاياجان بىلەن سورى-
دى.

— ئابدۇخالىق، بۇ شېئىرلىرىڭىزنىڭ ئاخىرىغا «ئۇي-
غۇر» نى تەخەللۇس قىلىشلىرى نېمە ۋەجىدىن؟

— ئۆزلىرى سوراپ قالدىلا، بۇنى ئىزاھلاپ
بېرەي، — دېدى ئابدۇخالىق ئىككى دوستىغا تەكشى
نەزەر سېلىپ، — بۇنىڭدىن ئۈچ يىل مۇقەددەم، تاھىر-
بەگ ئاكام بىلەن مەخسۇت ئاكام بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن.
پاراڭ ئارىلىقىدا مەخسۇت ئاكام مۇنداق بىر رىۋايەتنى سۆز-
لەپ بەردى: «قەدىمكى ئۇيغۇر قاغانى ئوغۇزخان» يېگانە
تەڭرىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئەمما ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى،
تاغىلىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنى خالى-
ماپتۇ. نەتىجىدە ئوغۇزخان بىلەن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى،
ئاكا - ئۇكىلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ئادەملەر-
نىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ياردەم قىپتۇ، بەزىلىرى ئۇنىڭغا قار-
شى چىقىپتۇ. ئاخىرىدا دۈشمەنلەر قەبىلىلىرى بىلەن ئوغۇز-
خانغا تەسلىم بوپتۇ. غەلىبىدىن كېيىن ئوغۇزخان داغدۇغى-
لىق مەرىكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىگە ياردەم قىلغان ۋە قوشۇل-
غان قېرىنداشلىرىنى، سەركەردە - لەشكەرلىرىنى كۆتۈۋاپ-
تۇ. ئۆزى بىلەن بىرلىشىپ ئۇيۇشقانلارغا «ئۇيغۇر» نامىنى

بېرىپتۇ. «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئۇيۇشقاق»، «ياردەملەشمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز «ئۇيغۇر» ئاتىلىپ جاھانغا تونۇلغانىكەن. لېكىن، بىز ھازىر «جاھان مۇشۇ» دەپ ئۆزىمىز تۇرغان يەرنىلا بىلىپ، دۇنيادىن بىخەۋەر قالدۇق. زۇلۇم، زورلۇق، خۇراپاتلىق، نادانلىق خەلقىمىزنى قۇمدەك چېچىۋەتتى. بىزنىڭ ئۇيغۇر دېگەن نامىمىز ئۆچۈشكە باشلاپ، بىز ھازىر ئۆزىمىزنى تۇرپانلىق، كۇچالىق، قەشقەرلىك، ئىلىلىق دەپلا ئاتايمىز. بەزىلەر بىزنى «چەنتۇ» دېيىشىدۇ. بۇنىڭغا مېنىڭ پاك ۋىجدانىم، ئىنسانىي غۇرۇرۇم قانداق چىدايدۇ؟! مەن ئاتا-بوۋىلارنىڭ تارىختىكى ئالەمشۇمۇل شان-شۆھرىتىنى ياد ئېتىپ، «ئۇيغۇر» نامىنى ئۆزۈمگە تەخەللۇس قىلىۋالدىم.

ئابدۇخالىقنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان ھېسامىدىن زۇپەر چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ:

— ئۇيغۇر دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلىتىشلىرىدە چوڭقۇر مەنە بار ئىكەن-دە! — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن دوست-بۇرادەرلىرى ئابدۇخالىقنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «ئۇيغۇر» نى قوشۇپ ئاتايدىغان بولۇشتى. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نام شۇنىڭدىن باشلاپ ئەل ئىچىگە كەڭ تارقالدى.

* *

1912-يىل كۈزدە، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان بىر قۇرۇلتايغا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاقلاردىن ۋەكىل سايلاشقا سان چۈشۈردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى تۇرپاندىن بىر

نەپەر ئۇيغۇر ۋەكىل سايلاشقا سان تەقسىم قىلدى. بۇ خەۋەر
تۇرپانغا تارقىلىش بىلەن ئەمەلدارلار، بەگ - خوجىلار،
سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق تالاش - تارتىش باشلىنىپ
كەتتى، ھەممەيلەن ۋەكىللىككە ئۆزىنىڭ سايلىنىشىنى ئۈ-
مىد قىلىشاتتى.

ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن ئابدۇخالىق خەلق ئىچى-
دە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. گەرچە ئۇ چوڭ سودىگەر
ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، بايلىق، ئەمەلنى
دوست تۇتماي بارلىقىنى ئىلىم - مەرىپەتكە، خەلق ئىشلىرىغا
بېغىشلىغانىدى. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا قېتىرقى-
نىپ ئۆگىنىپ ئەرەبچە، پارسچە تىل - يېزىقلارنى ئىگىلى-
ۋالغاندىن كېيىن يەنىمۇ ئىرىشىپ ئۆگىنىپ تاتارچە، رۇس-
چە، خەنزۇچە تىل - يېزىقلارنىمۇ ئىگىلەپ ئىلغار پەن -
مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جاھالەت
بۇلۇتلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تېخىچە قۇتۇلالمىغان كونا
تۇرپاننىڭ ئىلىم - مەرىپەت ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق بىر يۇل-
تۇزغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئابدۇخالىقنىڭ كىچىك پېئىل، كەمتەر، مەردۇمەردا-
نىلىكى، ئۇنى ئاۋام خەلققە يېقىنلاشتۇرغان، خەلق ساداسى-
نىڭ ۋەكىلىگە ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ
ئادالەت ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشى، كەمبەغەل -
نامراتلارنىڭ ھالىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئەل ئىچىدىكى ئابرۇ-
يىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. شۇڭا ۋەكىل سايلاشتا تۇر-
پان خەلقى ئۇنى سايلىدى، تۇرپان ئامبىلى ئۇنى ئۆلكىگە
مەلۇم قىلدى.

بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار، زېمىندار

بايلار تىل بىرىكتۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ۋەكىل سايلاش ئۈچۈن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ «ئابدۇخالىقنى ۋەكىللىككە سايلاش خاتا بولدى» دەپ ياڭ زېڭشىنغا ئەرز قىلدى. نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشنى كۆرۈپ كۆزى قىزارغان ياڭ زېڭشىن ئەرزگە چىققانلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئابدۇخالىقنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋەتتى.

ھىيلىگەر ياڭ زېڭشىن ۋەكىل سانىنى يەنە تۇرپانغا بېرىپ «باشقا بىراۋنى سايلاڭلار» دېسە جېدەل تۈگىمەيدىغانلىقىنى تۇيۇپ قېلىپ، ۋەكىللىكنى توقسۇنغا بېرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ۋەكىللىككە سايلىنىش ئۈمىدى كۆپۈككە ئايلانغان ئەمەلدارلار بىلەن زېمىندار بايلار ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ بىر - بىرىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ زىددىيەت كۈچىيىپ ئىككى ئوتتۇرىدا چوڭ ماجىرا كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە ياڭ زېڭشىنغا نۇرغۇن پارا بېرىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىدىن قالدۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغانلىقلىرىنى بۇ ماجىرا جەريانىدا ئۆزلىرى خەلققە ئالەمگە پاش قىلىپ قويدى.

بۇ ۋەقەنى ئىنچىكە كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققانىي غەزەپ - نەپرىتىنى مىسرالارغا سىڭدۈرۈپ «باردۇر» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ چىقتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «باردۇر» شېئىرىنى يېزىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېسامىدىن زۇپەر قاتارلىق دوستلىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. سورۇن تازا قىزىغاندا ئەكبەرخان:

— شائىرىمىز بىر شېئىر ئوقۇپ بەرسە قانداق؟ — دېدى، ھەممەيلەن قىزغىن چاۋاك چېلىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالدىرىماي تۆش يانچۇقىدىن شېئىر

يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ «باردۇر» شېئىرىنى ئوقۇشقا باشـ
لىدى. «بىرىنى شاگىو سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر»
دېگەن مىسرا ئوقۇلغاندا ئەكبەرخان چىداپ تۇرالمىدى ـ دە:

— بارىكاللا، شائىر، مەرەزنى راسا ئېچىپ تاشلاپتىلا-
غۇ، — دېدى ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

ئۇزۇن ئۆتمەي «باردۇر» شېئىرى قولدىن ـ قولغا
كۆچۈرۈلۈپ تۇرپانغا تارقىلىپ كەتتى. بۇ شېئىرنى ئاڭلىـ
غان ئەمەلدارلار، زېمىندار بايلار چىداپ تۇرالماي «ئابدۇخا-
لىق ئۇيغۇر بىزنى ھاقارەتلىدى» دەپ تۇرپان ئامبىلىغا ئەرز
قىلدى. تۇرپان ئامبىلى «باردۇر» شېئىرىنى مەنئى قىلىش
بۇيرۇقى چۈشۈرگەن بولسىمۇ كىشىلەر ئۇ شېئىرنى تالدـ
شىپ ئوقۇۋەردى.

# ئەڭ چوڭ ئەمەل

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1922 - يىلى 6 - ئايدا شۆتاڭنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈردى. ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى مەكتەپ بويىچە يۇقىرى ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇرپان ئامبىلى شۆتاڭغا كەلدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ قايىل بولدى. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئالاھىدە مۇكاپاتلىدى. بەي مۇئەللىم ئۇنىڭغا ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانلىرىنى تەقدىم قىلدى.

شۆتاڭنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئەمەلگە تەيىنلىنەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭكىدىن يۇقىرى بولغاچقا، بەزىلەر «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەمدى چوڭ ئەمەل تۇتىدىغان بولدى» دېيىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋاقىتنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ، بىر مىنۇتنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەيتتى. ئۇ شۆتاڭنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆيىدە «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» قاتارلىق مەشھۇر رومانلارنى ئوقۇپ چىقتى. بەي مۇئەللىم ئۇنىڭغا يەنە ئۆزى شاڭخەيدىن يېڭىلا ئالدۇرۇپ كەلگەن شائىر گو مورونىڭ «ئىلاھىيە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى

ئوقۇشنى تونۇشتۇردى. بەي مۇئەللىمدىن ئۇ كىتابنى ئالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنىلا يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي «ئىدلاھىيە» نى ئوقۇپ چىقتى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىسى بەي مۇئەللىمنىڭ ياتىقىغا بېرىپ كىتابتىكى ئوقۇيالمىغان خام خەتلەرنى سوراپ بىلىۋالدى. بەي مۇئەللىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا شائىر گو مورو، لۇشۈن، ماۋ دۈنلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بۇ ئابدۇخالىقتا يېڭى تەسىراتلارنى قوزغىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتاب ئوقۇپ چارچىغاندا كوچا ئارىلاپ، جەمئىيەتنى كۆزىتىپ، ھەرخىل تەبىقىدىكى ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنى ئاڭلايتتى. كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتاتتى - دە، يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ كېتەتتى.

ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى، تۇرپان ئامبىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى يامۇلغا چاقىرتتى. ئامبال:

— ئۆلكىدىن سىزنى ئەمەلگە تەيىنلەش تەستىقى كەلگۈچە يامۇلدا ئىشلەپ تۇرۇڭ، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇنى رەت قىلدى.

ئەمدىلا يىگىرمە ياشتىن ئاشقان بۇ قىران يىگىتنىڭ پاك قەلبىدە قانداق ئۇلۇغۋار غايە، بۈيۈك ئىستەكلەرنىڭ يالقۇنجاۋاتقانلىقىنى تۇرپان ئامبىلى نەدىنمۇ بىلسۇن؟! ئۆز ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارىغۇچى ئابدۇخالىق ئامبالنىڭ ئىلتىپاتىنى پىسەنتىگە ئالمىدى. ئەزەلدىن بۇنداق ئىشنى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئامبال قاتتىق ھەيران قالدى. ئۇ: «دۇنيادا ئەمەلگە، پۇلغا، چىرايلىق ئايالغا ئىنتىلمەيدى-

غان ئادەم يوق» دەپ ئويلايتتى. ئۆزىمۇ بىر ناھىيىنىڭ ئامبىلى بولۇشتەك بۇ ئەمەلنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچە يىل تىرىشىپ - تىرمىشىپ نېمە ئىشلارنى قىلمىدى؟ شۇڭلاشقا ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ ئۆز ئىلتىپاتىنى رەت قىلغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئابدۇخالىق بىلەن بىللە شۆتاڭدا ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، ھەتتا بىرمۇنچىسى خېلى يۇقىرى نام - ئەمەلگە مۇشەررەپ بولۇشتى. پەقەت ئابدۇخالىقلا ئەمەل تۇتۇشنى خالىماي ئاددىي پۇقرا پېتىچە قالدى.

ئابدۇخالىق ۋاقىتنى بوشقا ئۆتكۈزمەيتتى، دائىم ئۆز-لۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى؛ چار-چاپ قالسا بازار ئارىلايتتى، يېزا - سەھرالارغا باراتتى، جەمئىيەتنى كۆزىتەتتى. شۇ ئاساستا جۇش ئۇرغان يالقۇنلۇق ئىلھامى بىلەن تىنىمسىز ھالدا شېئىر يازاتتى. ئۇ شېئىر يېزىپ ئىلىم - مەرىپەتنى تەرغىب قىلىپ، جاھالەت بۆشۈكىدە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان خەلقنى ئويغىتىپ كۆرەشكە قوزغاشنى، ئازادلىق، ئەركىنلىك يولىدا جان پىدا قىلىشنى بۈيۈك ئىنسانىي بۇرچى ھېسابلايتتى.

بىر كۈنى، جامائەت يىغىلىشقان چوڭ مەرىكىدە موللىلاردىن بىرى ئابدۇخالىقنىڭ ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرۇپ، باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش غەرىزىدە سۆز ئېچىپ قالدى:

— ئى ئابدۇخالىق! سىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ئوقۇيمەن دەپ قىزىل، يېشىل كىتابلارنى كۆتۈرۈپ يۈردىڭىز، ئۆزىڭىز ياش بولسىڭىزمۇ ئەرەبى، پارسىغا كامىلسىز. ئورۇسنىڭ زۇۋانىنىمۇ ياخشى ئۇقىسىز. بەزىلەر سىزنى:

«خىتايچىنى سۇدەك بىلىدۇ» دەيدۇ. تېخى ئامبالنىڭ تۇڭ-
چىلىرىمۇ بىلمىگەن خەتلەرنى سىزدىن سورايدىكەن. سىز
بىلەن بىللە ئوقۇغانلار چوڭ ئەمەلدار بولۇپ كەتتى. سىز
بولسىڭىز تىرناقنىڭ قارىسىچىلىكمۇ ئەمەلگە نائىل بولالمى-
دىڭىز، بۇنى نېمە دېگۈلۈك؟ سىزگە بەك ئۇگال[1] بولدىغۇ؟

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دۇررىدە ئابدۇخالىققا قاراشتى.
ئابدۇخالىق موللىنى مەنسىتمىگەن ھالدا مەغرۇرلۇق بىلەن
كۈلۈپ قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يوقسۇ، مۆھتەرەم داموللام، يۇزدەيۇز خاتالاشتىلا،
مەن زامان، خەلقىم يۈكلىگەن پەخرى ئەمەلدىمەن. يەنى
خەلقىمنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇپ غەپلەت ئۇيقۇسى-
دىن ئويغىتىش ئۈچۈن شېئىر - نەزمە يېزىۋاتىمەن. قېنى
ئېيتىنىپ باقسىلا، ياخشى ئادەمگە خەلق خىزمىتىدىنمۇ چوڭ
ئەمەل بولامدۇ؟ مېنىڭچە دۇنيادا ئۆز خەلقىنىڭ بەخت -
سائادىتى ئۈچۈن جان كۆيدۇرۇشتىن چوڭ ئەمەل يوق! ...

---

[1] ئۇگال — ئۇۋالنىڭ تۇرپان شېۋىسى.

# لوڭقىنى ياخشى كۆرەملا ياكى مېنىمۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسى چوڭ سودىگەرلەردىن بولغاچقا، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى، ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇملار «ئابدۇخالىق بىزنىڭ كەسپىمىزنىڭ مۇناسىپ ۋارىسى بولىدۇ» دېگەن ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇپلا قالماي، بەلكى رۇسچە، خەنزۇچىمۇ ئوقۇتقانىدى. ئەقىللىق ئابدۇخالىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ناھايىتى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇپ تىنىمسىز ئۆگىنەتتى، كۆپ چاغلىرىنى كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇ ھالەتتىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىچى پۇشاتتى. بىر كۈنى ئابدۇراخمان مەخسۇم پاراڭدىشىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

— ئەستاغپۇرۇللا، بۇ ئابدۇخالىق چوڭ بولغانسېرى باشقىچىلا بولۇپ كېتىپ بارىدۇغۇ تاڭ؟ ئۇ ئۇچ كۈن ئاچ قالغان ئادەم نانغا يېپىشقاندەك كىتابقىلا يېپىشىۋالىدۇ. ئۇنى ئەقىلسىزلىق قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتامدىكىن دېسەك، نەزمە پۈتىدۇ. ھەي بىزنىڭ ئۈمىدىمىز توزغاقتەك ھاۋاغا ئۇچۇپ كېتەمدۇ نېمە؟

— ئۇ بالىغا ئەپلىك بىر چاغدا گەپ قىلىپ باققۇلۇق، — دېدى ئەرەمسىما خېنىم ئويلىنىپ.

دەل - دەرەخلەر يېشىل تون كىيىپ، باغۇ بوستانلار

گۈل - چېچەكلەرگە ئورالغان گۈزەل باھار كۈنلىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۆيغۇر ئۈچ كۈنگىچە يېزىقچىلىق ئۆيىدىن تالا - تۈزگە چىقماي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. چارچىغان چاغدا كىتاب ئوقۇپ ھاردۇقىنى چىقاردى. بۇ ئەھۋالغا ئىچى پۇشقان ئەرەمسىما خېنىم بىر كۈنى ئابدۇخالىقنى ھويلىدىكى سۇپىغا چاقىرىپ:

— بالام، ئۆزلە ئەرەبى، پارسى تىللارغا كامىل بولۇپلا قالماي، ئورۇس، خەنسۇنىڭ زۇۋانىنىمۇ شۇلارغا ئوخشاشلا ياخشى بىلىدىلا، ئەمدى بولدى، قەغەز - قەلەم، كىتاب بىلەن ھەپىلىشىشنى تاشلىسىلا، ئاتىلىرى سىلىنى يامۇلدا خەتچى ياكى تۈگچى بولۇشنى خالىمىسا، دۇكان ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلسىمۇ بولۇر دەيدۇ، — دېدى ئانا.

ئەجەبلەنگەن شائىر:

— سىلىچە مەن نېمە قىلاي؟

— سودىگەرچىلىك.

— ھە، سودىگەرچىلىك؟ جېنىم ئانا، — دېدى شائىر كەسكىن ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن، — سودىگەرچىلىك دېگەنگە ئايىغى چاققان، ئاغزى ئىتتىك ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا پايدا تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغانچىلىقمۇ ئارىلىشىپ كېلىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن!

ئوغلىنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران قالغان ئانا:

— ئۇنداق بولسا، قايسى ئىشنى خالايدىلا؟ — دېدى.

— ئاتام ماڭا تۆت ئاتلىق ھارۋا تەييارلاپ بەرسە، ھارۋىكەشلىك قىلاي دەيمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟

— ئۆزلىرى ھارۋا ھەيدىسىلە قاملىشارمۇ؟ ئاتىلىرىنى

ئابدۇراخمان مەخسۇم دېسە يۇرتىنىڭ ئاغزىغا بىر كېلىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزلىرى هارۋىكەشلىك قىلسىلا، خەلقى ئالەم نېمىدەپ قالار؟

— سودىگەرچىلىك قىلغانغا قارىغاندا هارۋىكەشلىك قىلىش هالال ئىش. ئۆزلىرى ئاتامنى كۆزدۇرۇپ بەرسىلە، — دېدى شائىر يالۋۇرۇپ، — ئاتام ماڭا تۆت ئاتلىق هارۋا تەييارلاپ بەرسۇن، هارۋىغا قوڭغۇراق ئاساي، ئاتلارنىڭ يايلىلىرىغا قىزىل، يېشىل جۇلا پۆپۈك تاقاپ شۇنداق چىرايلىق قىلىۋېتەيكى، هەممە ئادەم هەيران قالسۇن! ئۆزلىرى ماۋۇ لوڭقىنى، — شائىر تەكچىدە تۇرغان گۈل لوڭقىسىنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بەرسىلە، ئۇنى هارۋىغا ياغ كوزا قىلاي، ئۇ چاغدا خەق كۆرۈپ هەيران قالسۇن! . . .

— خۇدايا توۋا دېسىلە، — ئەرەمسىما خېنىم نارازى بولغان هالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — گۈل چىلايدىغان لوڭقىنى هارۋىغا ياغ كوزا قىلسىلا توغرا كېلەمدۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ لوڭقا نەدىن كەلگەن لوڭقا بىلەملا؟ بۇ بوۋىلىرىدىن تەۋەرۈك قالغان لوڭقا.

— ئانا، ئۆزلىرىمۇ بۇ لوڭقىنى ياخشى كۆرەملا؟ — دېدى شائىر بالىلارچە قىلىقلىنىپ.

— بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋەرۈك بولغاچقا، ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن.

— ئانا، ئەمىسە لوڭقىنى ياخشى كۆرەملا ياكى مېنىمۇ؟

— نېمە دەيدۇ بۇ بالا! ئەلۋەتتە سىلىنى ياخشى كۆرىمەن، بالا دېگەن بالا، لوڭقا دېگەن لوڭقا ـ دە!

— ئاتامچۇ؟

— ئاتىلىرىمۇ سىلىنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىش ئايدىڭلاشتى، — دېدى شائىر كۇلۇپ، — لوڭقىنى هارۋىغا ياغ كوزا قىلسام توغرا كەلمىگەن يەردە، لوڭقىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان بالىلىرىنى تۇڭچى ياكى سودىگەر قىلسىلا توغرا كېلەمدۇ!؟

— توۋا، توۋا! — دېدى ئەرەمسىما خېنىم هەيران بولغان هالدا كۇلكىسىگە زو قىلىپ، — نېمە دەيدىغاندۇر دەپتۇمەن، مەقسەت شۇمىدى!

— جېنىم ئانا، سىلىگە ئوچۇق ئېيتسام، ئاتامنىڭ مېنى تۇڭچى بولسۇن ياكى دۇكان ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلسۇن دېگىنى بىلەن مېنىڭ گۇل چىلايدىغان لوڭقىنى هارۋىغا ياغ كوزا قىلىمەن دېگىنىم ماهىيەتتە ئوخشاش گەپ، — دېدى شائىر چىرايىغا جىددىي تۇس بېرىپ.

— بولدى، بالام، ئەگەر قىلىۋاتقان ئىشلىرى دۇكان ئېچىشتىن مۇهىم بولسا، مەيلى قىلىۋەرسىلە، ئاتىلىرىنى مەن قايىل قىلاي! — دېدى ئانا ئۆز بالىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ.

* *

1922 - يىل ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى چۈشتىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كوچىغا چىقتى. ئۇ يەكشەنبە كۈنىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى كالتە بازاردىكى بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. بۇ مىلىچماللار دۇكىنىنىڭ خوجايىنى يۇسۇپ يىفاڭنىڭ ئاكىسى ياقۇپ پۇچۇق بىلەن ياقا سىقىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى

ئاكا - ئۇكىنىڭ بىر - بىرىنى ھاقارەتلىشىپ دەۋاتقان سۆز-لىرىدىن بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ سودىدىن چۇشكەن ئازغىنە پۇلنى تالىشىپ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئەتراپتىكى ئا-دەملەر بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىنى «بولدى قىلىڭلار» دەپ ئاجراتقانسېرى ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ياقىلىرىنى قويۇۋەتمەي تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىشىۋاتاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— كۆپچىلىك، مەن بىر شېئىر ئوقۇپ بېرەي، — دېدى ئادەملەرگە ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ئادەملەر ئۇنىڭغا قاراشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

نەپسى يامان ھەپسەردەك[1]
ئاچ كۆزلەرنىڭ قىبنى پۇل.
نائىنساپلار سەجدە قىپ،
جان دەپ بىلۇر سىنى پۇل.
بىر دوست بىلەن بىر دوستنى،
ئۆچمەن قىلغان يەنە پۇل.
ئاكا بىلەن ئۇكىنى،
دۇشمەن قىلغان يەنە پۇل...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئۇزۇن شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشى-غا ياقۇپ ئىنىسى يۇسۇپنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ كەينىگە داجىدى. ئادەملەردىن بىرى:

— نەزمىنىڭ كۇچى تەڭداشسىز ئىكەن. ئۇ ئىككىسىنى شۇنچە كۇچەپ ئاجرىتالمىغان، ئەمدى قاراڭلار، — دېدى.

---

(1) ھەپسەر — ھەممىنى ھاپ ئەتكۈچى.

# ماڭا بىلىم كەم

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دائىم ئۆزىدە ئەڭ مۇھىم بولغان بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىرى بىر كۈنى قەتئىي نىيەتكە كەلدى. بۇ 1923 - يىل 2 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىچكىرىكى ھويلىدىكى ئۆيدە ئارام ئېلىۋاتقان ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ھوزۇرىغا كىردى. سالام - سائەتتىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كاڭغا چىقىپ ئولتۇرۇپ:

— مەن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشقا بەل باغلىدىم، ھەر ئىككىلىرىنى بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ دېگەن ئۈمىددىمەن، — دېدى.

— نېمە مۇھىم ئىش ئىدى ئۇ؟ — سورىدى ئاتىسى.

— موسكۋاغا بېرىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇي دەيمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر. بۇنى ئاڭلىغان ئاتىسى بىلەن ئانىسى ھەيران بولۇپ ھاڭ - تاڭ قېلىشتى.

ئۆيئىچى سۈكۈتكە چۆمدى، بىر ھازادىن كېيىن نىياز خېنىم:

— بالام، ئۆزلە ھازىر كىچىك بالا ئەمەس، ئوغۇللىرى ئابلەتخان ئىككى ياشقا كىردى، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلىن بالىمىز ئايىمخان ھازىر ئىككىقات، ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغان ئادەمگە ئوقۇش نەھاجەت؟! — دېدى.

— شۇنداق ئەمەسمۇ، — دېدى ئاتىسى، — ئۆزلە

ئاۋۋال مەدرىستە ئوقۇپ دىنىي ئىلىمدىلا ئەمەس، ئەرەبىي، پارسى تىللاردىمۇ كامىل بولۇپ ھەممىنى بىسىپ چۈشتىلە، يەنە روسىيىگە بېرىپ شەمەيدە ئورۇسچە ئوقۇدىلا، كېيىن شۆتاڭدا خەنسۇچە ئوقۇدىلا، ھازىر تۇرپاندىكى تۇڭچىلار بىلـ-مىگەن خەتلەرنى ئۆزلەدىن سوراۋاتامدۇ، ئۆزلە دېگەن تۇر-پاندا بىرىنچى ئىلىم ساھىبى تۇرسىلا، ئۆزلەگە يەنە نېمە كەم؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھاياجان بىلەن:

— ماڭا ھازىر يەنىلا بىلىم كەم، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوتلۇق ئارزۇسىنى ئاتا - ئانىسىغا ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى قايىل قىلدى. ئايىمخان شىرە ئۈستىدىكى كۈمۈش شامداندى-كى يوغان شام يورۇقىدا كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇ-خالىق ئايالىنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ موسكۋاغا بېرىپ ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ئايىمخان داڭ قېتىپ قالدى - دە، بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سورىدى:

— ئاتام بىلەن ئاپام نېمە دەيدۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلارنىڭ قوشۇلغانلىقىنى، ئۆزد-نىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق نىيەتكە كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئايىمخان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— مەن ئۆزلەنىڭ يۈتلىرىغا چېتىق بولۇپ قالمايمەن، ئىلاھىم مۇراد - مەقسەتلىرىگە تېزرەك يەتسىلە، — دېدى ئىختىيارسىز ھالدا قورسىقىنى تۇتۇپ.

بۈيۈك مەقسەتنى قەلبىگە پۈككەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1923 - يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا مال

ئېلىپ ماڭغان سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ مەخسۇت مۇھەمـ-
تى، جامال مۇتىئىي بىلەن بىرگە سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار
تۇرپاندىن چۆچەككىچە ئاتلىق، چۆچەكتىن شەمەيگىچە هار-
ۋىلىق ماڭدى. 5 - ئاينىڭ بېشىدا شەمەيگە يېتىپ
باردى - دە، ئۇ يەردىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئومىكىسقا
باردى. ئومىكىسدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ بىر ھەپتىدە موسكـ-
ۋاغا يېتىپ باردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزلىرى چۈشكەن
مېھمانخانىدا بىر كۈن دەم ئېلىپ هاردۇقىنى چىقاردى.
ئىككىنچى كۈنى كوچىغا چىقىپ كىتابخانىنى تاپتى. ئۇ
يەردىن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق كىتابلارنى سېتىۋېلىپ مېهمانـ-
خانىغا قايتتى. ئۇ ياتىقىدا ئالىي مەكتەپكە كىرىش تەييارلىـ-
قىنى باشلىۋەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ موسكۋادىكى
بىر گىمنازىيىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئاغىنىسى ئالىكـ-
سىي گاۋرىلۇۋىچ كۆپ ياردەم قىلدى. ئالىكسىي گاۋرىلۇۋىچ
ھەر كۈنى يېرىم كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ ئابدۇخالىقنىڭ ياتىـ-
قىغا كېلىپ ئۇنىڭ رۇس تىلىنى پىششىقلاپ ئۆگىنىشىگە
يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇچ ئاي ئۆتتى. كۈتكەن كۈن ئاخىرى
يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. ئابدۇ-
خالىق ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپتە ناھايىتى زور ئىجتىهات بىلەن
تىرىشىپ ئوقۇدى. ئۇ ۋاقىتنى ئىنتايىن قەدىرلەپ ئالتۇنـ-
دىنمۇ قىممەتلىك بىلەتتى، دەم ئېلىش ۋاقتىنى مەكتەپنىڭ
كۇتۇپخانىسىدا پوشكىن، لېرمونتوف، تولىستوي قاتارلىق
رۇس كلاسسىك يازغۇچى - شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئو-
قۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كېيىنچە ئۇ گوركى، ماياكوۋىسـ-
كىي، سېرگىي يېسىنىن قاتارلىق سوۋېت شائىر - يازغۇچىـ-

لىرىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككىنـ
چى يىلى يازلىق تەتىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد،
كىيېۋ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، سەمەرقەنت شەھەرـ
لىرىنى زىيارەت قىلدى. شۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئىلغار
پىكىرلىك يازغۇچى ـ شائىرلار، زىيالىيلار بىلەن تونۇشۇپ
ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ پىـ
كىر ئالماشتۇرۇپ يېقىن چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى. ئۇ
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن تونۇشـ
تى، بارغانلا يېرىدە شەھەرلەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە سوـ
ۋېت خەلقىنىڭ يۇرت ماكانىنى قايتا قۇرۇش، ئىگىلىك
يارىتىش يولىدا جاپالىق ئىشلەپ باتۇرلاچە ئالغا بېسىۋاتقانلىـ
قىنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەندى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى
ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرى، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىي
تۇرمۇش ياش شائىرنىڭ قەلبىدە جۇشقۇن ئىنتىلىشلەرنى
قوزغاپ زىلزىلە پەيدا قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1926 ـ يىل 6 ـ ئايدا مەكتەپنى
ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا
ئۇ مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى[1].

ئالاھىدە تالانتلىق بۇ ئوقۇغۇچىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى
قىيمىغان پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرى:

— تۇرمۇش شارائىتىڭىزغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەيلى،
موسكۋادا قېلىڭ، بىرگە ئىشلەيلى، — دەپ تەكلىپ بەرـ
دى.

---

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇر موسكۋادا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئالغان دىپلوم بىلەن مېدال 1966 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوقالغان.

— ياخشى كۆڭۈلنىزگە رەھمەت، ۋەتىنىمگە تېزرەك قايتمىسام بولمايدۇ، ۋەتىنىم مېنى كۈتمەكتە ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

مەكتەپ مۇدىرى ئابدۇخالىقنى موسكۋادا قېلىشقا ئۇندەپ خېلى سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئابدۇخالىق چىرايلىقچە رەت قىلدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئابدۇخالىق دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ موسكۋادىن تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى.

# بۇ مەدەنىيەت

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1926 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرى تۇرپانغا قايتىپ كەلدى. ئەتىسىلا تۇرپاندا «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورۇسچە كىيىنىۋاپتۇ» دېگەن گەپ تارقالدى. ئۇ زامانلاردا تۇرپاندا ئەرلەر ئۇچىسىغا ئۇزۇن مەللەچەكمەن كىيىپ، بېلىنى پۇتا بىلەن باغلاپ، بېشىغا سەللە ئوراپ، يالىڭاياغ يۈرەتتى، ئون سەككىز — ئون توقۇقۇز ياشقا كىرە - كىرمەيلا ساقال - بۇرۇتىنى قويۇۋېتەتتى. دەرۋەقە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىغا چاچ قويۇپ، ساقىلىنى پاكىز قىردۇرۇپ، بۇرۇتىنى ئەپچىلگىنە ياسىتىپ، بېشىغا شىلەپە، ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا پارقىراپ تۇرىدىغان خۇرۇم ئاياغ كىيىپ، بويىنىغا گالىستۇك تاقىۋالغاندى. بۇنىڭدىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى بىلەن جاھانغا تونۇلغان تۇرپان كېيىنكى ئەسىرلەردە خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىي تاپقان دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. شۇ تۈپەيلى تېخىچىلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى قىياپىتىدىن ئۆزگەرمىگەچكە ھەممە نەرسە كونا پېتىچە قالغانىدى. بۇ يەردە كىچىككىنە بىر يېڭىلىقمۇ ناھايىتى چوڭ دەتالاش، غۇلغۇلا، سۆز - چۆچەك پەيدا قىلاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر موسكۋاغا ئۆزى بىلەن بىرگە بېرىپ ئۈچ يىل تۇرۇپ

سەيپۇڭچىلىقنى ئۆگەنگەن جامال مۇتىئىيگە تىككۈزگەن سۇر سارجا كاستۇم - بۇرۇلكىنى كىيىپ، ئالا بالداق گالىستۇك- نى تاقاپ شىلەپە بىلەن كوچىغا چىقتى. ئۇ ھويلىنىڭ دەرۋا- زىسىدىن تېخى ئانچە ئۇزاپ كەتمەيلا كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلاردىكى، ئۇچىسىغا ئاق خەسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ بېشىغا ئەپچىلگىنە سەللە ئورۇۋالغان بىر تالىپ بالا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا سالام بېرىپ قولىنى ئۇزاتتى. شائىر ئۇنىڭ قولى- نى سىقىپ كۆرۈشۈۋېتىپ ئېسىگە ئالدى.

— ھوي، سەن ئابدۇگۇلمۇ؟ بويۇڭ ئۆسۈپ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قاپسەنغۇ؟ ھە، مەدرىستە ئوقۇۋاتامسەن؟

— شۇنداق، ئابدۇخالىق ئاكا، مەدرىستە ئوقۇۋاتقىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالدى.

— مۇنداق دېگىن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشى- نى لىڭشىتىپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ياش تۇغقىنىنىڭ تەقى - تۇرقىغا قاراپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس چايقاپ قويۇپ ئۇنچىقمى- دى. ياش تالىپ ئۆزىدىكى ھاياجاننى بېسىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇستۇېشىغا باشتىن - ئاياغ سەپسىلىپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. شائىرنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى زامانىۋى ئې- گىنلەر، شىلەپىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان قۇندۇز- دەك قاپقارا چېچى ئابدۇگۇلنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— ئابدۇگۇلى، يۈرگىن، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى.

— خوش، ئاكا، مەن ئۆزلەنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ مەد- رىستىنلا بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كېلىشىم، — دېدى ئابدۇگۇلى.

ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ بىر مۇھىم گېپى باردەك ئىپادىدە ئاغزىنى ئۆمەللەپ ئاچتىيۇ، ئاق پىشماق چىرايى ھۇپپىدە قىزىرىپ، كالپۇكىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپنى يۇ-تۇۋەتتى.

ئابدۇگۇلىنىڭ تۇرقىغا قاراپ بىر نەرسىنى سەزگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇلايىملىق بىلەن سورىدى:

— بىر گېپىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ خىجىل بولماي دە-ۋەرگىن.

ئابدۇگۇلى گەجگىسىنى قاشلاپ قويۇپ، سەل دۇدۇق-لاپ قالدى - دە، ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ ئىچىدىكىنى تۆكتى:

— ئابدۇخالىق ئاكا، خەقلەر دەپ يۈرۈۋېدى، مېنىڭ ئىشەنگۈم كەلمىگەن، ئۆزلەنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ خەقلەرنىڭ دەپ يۈرگەن گەپلىرىنىڭ راستلىقىنى بىل-دىم، — ئۇ گېپىنى داۋام قىلىپ سورىدى، — ئورۇسقا ئوخشاش باشلىرىغا چاچ قويۇۋالغانلىرى قانداق ئىش بۇ؟ ئۇستۋاشلىرىغمۇ ساپلا ئورۇسچە ئېگىنلەرنى كىيىۋاپتىلا-غۇ؟ بۇ نېمە قىلغانلىرى، ئاكا؟

— ھا - ھا - ھا؟ — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئابدۇگۇلىنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ سەممىي ھالىدا چۈشەندۈرۈشكە باشلى-دى، — ھەي ئابدۇگۇلى، سەن ئاڭلاپ قوي، بۇنداق كىيى-نىشنىڭ ئۆزى مەدەنىيەت. بۇ ئېگىنلەر باشقا مىللەتلەرگىلا خاس ئەمەس. بىلىپ قويغىنكى، قەدىمكى ئىدىقۇت زامانى-سىدا بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بوينىغا گالستۇك تاقاپ، كاس-تۇم كىيگەنىكەن. مەن تېخى بۇ يىل 2 - ئايدا قىشلىق

تەتلدە روسىيىنىڭ لېنىنگراد شەھىرىگە بېرىپ ئېرمىتاژ مۇزېيىدا مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئىدىقۇت زامانىسىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇزېيخانىدا كۆرگەزمىگە قويۇلغان قىمەتلىك كىيىم - كېچەكى، بېزەكلىك غارلىرىدىن تارتىۋېلىنغان تام سۇرەتلىرىنىڭ نۇسخىلىرىنى كۆرۈپ، شۇ قەدىمكى زاماندىكى مەدەنىيەت - سەنئىتىمىزنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەنلىكىدىن ئاجايىپ تەسىرلەنگەنىدىم. قەدىمكى ئىدىقۇت زامانىسىدا بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز كىيگەن ئېگىنلەر ئېھتىمال ھازىرقىدەك سۇپەتلىك بولمىغان بولغىيتتى. بىراق، تارىختا مۇشۇنداق بولغان. بۇ بىر يىمىرىلمەس پاكىت. سەن شۇنى بىلىپ قويىكى، كېلەچەكتە كىشىلەرنىڭ كىيىنىشلىرى مانا مۇشۇنداق مەدەنىي بولىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئابدۇگۇلى تېخىمۇ ھەيران قېلىپ شائىرنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىلغار تەرەققىيات يېڭىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئابدۇگۇلى شائىرنىڭ سۆزىنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئاڭلىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سائىتىگە قاراپ ئابدۇگۇلىگە دېدى:

— سەن قاچان ۋاقتىڭ يەتسە، شۇ چاغدا بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىن، مەن ئۆيدە بولىمەن، ساڭا سۆزلەپ بېرىدىغان يېڭىلىقلار تېخى ناھايىتى كۆپ ...

# ئۈچ چوڭ ئاپەت

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئايرىلغىلى ئۈچ يىلدىن ئاشقان يېزا-سەھرالارنى كۆرمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى. ئۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە تۇرپان، پىچان، توقسۇننىڭ يېزىلىرىدىن باغرى، بۇيلۇق، يەمشى، پاقىبۇلاق، ئىلانلىق، چاتقال، ئاستانە، قاراغوجا، ياڭخى، لۈكچۈن، لەمجىن، سىڭگىملەرنى ئارى-لاپ، دېھقانلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ھەر خىل تەبىقىدى-كى ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭ-قۇر كۆزەتتى. خەلق ئىچىدىكى قوشاقچى، داستانچىلار، سازەندىلەر بىلەن مۇڭداشتى، ئۇلارنىڭ بېيىت - قوشاقلىرى-نى، داستانلىرىنى ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىدى. بەزى قوشاق، داستانلارنى خاتىرىلىۋالدى.

قەدىمكى زاماندا گۈللەنگەن مەدەنىيىتى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان تۇرپان XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە تەرەققىي تاپقان دۇنيادىن ناھايىتى بەك ئارقىدا قالغان، ھۆكۈمران گورۇھلارنىڭ زۇلۇم - ستەملىرى كۈچىيىپ شەھەر، يېزى-لار نامراتلىق، قاششاقلىقتىن قاپلاپ خارابىلىشىشكە، خەلق ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنىيەتتىن تامامەن بىخەۋەر بو-لۇپ نادانلىق، جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان، كوچا - كويلاردا تىلەمچىلەر، سەرگەردانلار مىغىلداپ كەتكەن ئىنسانىي ھو-قۇق، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەچكە، ئۆز يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى چەت ئەلنىڭ تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭدا بىر كۈچلۈك ئىنتىلىش، تەقەززالىق ھېسسىياتى پەيدا بولدى. قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان قايناق ئىلھام بىلەن غەزەپ - نەپرىتىنى بېسىۋالالماي قولىغا قەلەم ئېلىپ «غەزەپ ۋە زار»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» ناملىق شېئىرلارنى يازدى. شائىر «غەزەپ ۋە زار» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ غەزەپ ۋە ئاچچىق ئەلەمگە تولغان ئازابلىق ھېسسىياتىنى مۇنداق ئىپادىلىگەنىدى:

ئەي پەلەك، بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىها بىزارىمەن،
ئىستىدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارىمەن.
......
پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ كاپىر، جەدىد دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.
ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇسىدا، چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن.
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.
ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېزىلارغا قىلغان ئىككى ھەپتىلىك سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئىككىنچى كۈنى دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە باشلىدى. دەسلەپتە ھەببۇللا ئەپەندى ئۇ-

رۇمچىدىن قىسقا مۇددەتلىك دەم ئېلىشقا كەلگەن ئەلى ئىبرا-
ھىموفنى باشلاپ كىردى. شائىر ئۇستازىنى كۆرۈپ خۇشال
بولۇپ كەتتى. ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭدىشىپ ئولتۇرۇشقى-
نىدا كەينى - كەينىدىن ھېسامىدىن زۇپەر، ئەنەيتۇللا ئەپەن-
دى، پولاتباي، ئابدۇراخمان قارى، لېتىپ ئەپەندى، مۆمىن
ئەپەندى، غاپۇرجان، ئابدۇپەتتار ۋەلىيوفلار كىرىپ كېلىش-
تى. خىزمەتكار كەينى - كەينىدىن ئۇزۇم، قوغۇن، نەش-
پۈت، شاپتۇل، ئانارلارنى ئەكىرىپ داستىخاننى تولدۇرۇ-
ۋەتتى. مېھمانلار خالىغان مېۋىدىن ئېلىپ يېگەچ ئەركىن-
ئازادە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— ھازىر ياشلىرىمىز ئەخلاقتا بۇزۇلۇپ، چۈشكۈنلە-
شىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا زادى چىدىغۇچىلىكىم قال-
مىدى، — دېدى لېتىپ ئەپەندى ئېچىنغان ھالدا، — كېرەم
پايپاقنىڭ مۇزخانا قىلغان كۆرەسىدە[1] كۈن بويى يىگىرمە —
ئوتتۇز بەڭگى نەشە چېكىپ مەست بولۇشۇپ توپىغا مىلىنىپ
ياتىدىكەن.

— ئۇلارنىڭ سېپىگە كۈنگە يېڭى بەڭگىلەر قوشۇلۇپ
كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ھەبىبۇللا ئەپەندى قوشۇمچە
قىلىپ، — ھازىر بىر چىلىم نەشە بەش مىسقالغا (ئون
مىسقال بىر سەر كۈمۈش پۇلغا باراۋەر) چىقىپتۇ. مۇشۇ
كۈنلەردە ئەسقەر ھاجىنىڭ كارىزىنىڭ تىلمىسىغا يېقىنلاش-
سىلا نەشىنىڭ بەتبۇي پۇرىقىغا چىدىغىلى بولمايدۇ.

— قىمارۋازلىقنى دېمەمسىلەر تېخى، ئاغىنىلەر، —
دېدى ياش سودىگەر پولاتباي، — ھازىر غەربىي قوۋۇقنىڭ
سىرتىدا بىر گۇرۇھ قىمارۋاز رەسمىي تاۋكا قۇرۇپ

---

[1] كۆرە — ھويلا مەنىسىدە

ئوچۇق - ئاشكارا قىمار ئوينايدىغان بولۇپ كەتتى.

ئۆيئىچىدىكى مېھمانلار جەمئىيەتتىكى چۈشكۈنلۈكلەر، كونىلىق، قالاقلىق، نادانلىقلار توغرىسىدا خېلى ئۇزۇنغىچە غۇلغۇلا قىلىشتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېھمانلارغا قاراپ دېدى:

— دوستلار، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ دۇنياغا نەزەر تاشلايلى، ئۆز ئىستىقبالىمىز ئۇستىدە جىددىي ئويلىنايلى، بىز جىددىي تۇتۇش قىلمىساق پەيتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ قاتتىق پۇشايمانغا قالىمىز. ھازىر دۇنيادا ياۋروپالىقلار تۆمۈرگە قانات بېكىتىپ ئاسماندا ئۇچۇۋاتىدۇ، تۆمۈرگە جان كىرگۈزۈپ سۇدا ئۈزۈۋاتىدۇ. بىز ئۇلاردىن ئالاھازەل ئىككى يۈز — ئۈچ يۈز يىل كېيىن قالدۇق.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەنەيتۇللا «يايپىرىم!» دەۋەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يالت قىلىپ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— باشقا مىللەتلەر تەرەققىي تېپىپ بىزدىن كۆپ ئۆزاپ كەتتى. بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز ساپالچىلىق، كۇلالچىلىق، لايدىن غېدىر قۇيۇپ ئېۋرىق ياساش، تال چىۋىقتىن سېۋەت توقۇش، بۇنى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ — ئۈچ مىڭ يىل مۇقەددەم دەقيانۇسنىڭ زامانىسىدىلا قىلىپ كەلگەن ئىشلار ئىدى. بىز ھازىر ئەنە شۇ قەدىمىي تەرەققىيات بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتەلمەي، كونا ئىزدا توختاپ قالدۇق. دوستلار، مىللەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى خەتەرلىك. خۇراپاتلىق ۋە نادانلىق، كونىلىق ۋە قالاقلىق، ئەخلاق جەھەتتىكى بۇزۇلۇش ۋە چۈشكۈنلۈك ئۈچ چوڭ ئاپەت بولۇپ خەلقىمىزگە

ھالاكەت دەھشىتىنى سالماقتا.

شائىر توختاپ ئورنىغا ئولتۇرۇپ چىنىدىكى چايدىن ئوتلاشقا باشلىدى.

— پۈتۈن ئەل، — دېدى ئەلى ئىبراھىموف، — ئابدۇخالىق ئېيتقاندەك جاھالەت ئىسكەنجىسىدە قىينىلىپ، ئازابلىنىپ، ھالسىراپ، جان تالاشماقتا.

— بۇنىڭ داۋاسى يوقمۇ؟ — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئۇرغۇلۇق سۆزلەپ.

— نېمىشقا داۋاسى بولمىسۇن؟! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاۋۋال ھېسامىدىن زۇپەرگە، ئاندىن باشقىلارغا قاراپ، — خەلقىمىزنى ئۆلۈم گىردابىغا ئاپىرىپ قويغان بۇ ئۈچ ئاپەتنى يېڭىشنىڭ يولى پەن - مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈش. بىز يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ ياشلىرىمىزنى تەربىيىلىسەك، خەلق ئىچىدە ئاقارتىش ئېلىپ بارساق، نەشرىيات، باسما زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، كىتاب - ژۇرنال بېسىپ تارقىتىپ خەلقنى غەپلەتتىن ئويغاتساق، بۇ ئۈچ ئاپەتنى چوقۇم يوقىتالايمىز.

شائىرنىڭ گېپى شۇ يەرگە كەلگەندە خىزمەتكار تاماق تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستلىرىنى مېھمانخانىغا باشلىدى. دوست - بۇرادەرلەر تاماقتىن كېيىن سۆھبەتنى يەنە داۋام ئەتتى.

— مەن روسىيىدە كۆرگەنلىرىمنى تۇرپاننىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇپ شۇنداق قاراشقا كەلدىمكى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستلىرىغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يېڭىچە مائارىپ بولمىغان مىللەت ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان مەھكۇم، قالاق، بىچارە مىللەتتۇر. ياش زېمىنىنىڭ

بۇيرۇق بىلەن مەخسۇدىيە مەكتىپىنى مەجبۇرىي تاقىتىۋې-
تىشتەك زوراۋانلىقىنىڭ ئۆزى مىللەتنى ھالاكەت گىردابىغا
ئىتتەرگەن چوڭ زىيانكەشلىكتۇر!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ غەزەپتىن ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ، مۇشتى تۈگۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى.

......

ئوقۇتماي باللارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئىسىت! بۇ باللار ئاخىر، يېرىم ناننى تاپالىغايمۇ؟
ئوقۇڭلار، ئوقۇتۇڭلار، ھاۋا ھەم ئەۋزائىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق، بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟

# بىلىمسىز ئادەم قوۋزاقسىز دەرەخ

يۈرىكى ئەلنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن سوقىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتا - ئانىسى، سۆيۈملۈك رەپىقىسى ئايىمخاننىڭ: «ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگۈچە قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلا، يەنە بىرەر — ئىككى ھەپتە ئارام ئالسىلا» دېيىشىگە باقماي جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

— تېزدىن مەكتەپ ئېچىش كېرەك! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياڭراق خىتاب قىلدى، ئۇ ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ قوللىشى بىلەن ئالدىنقى ھويلىدىكى مال ئامبىرى قىلىنغان چوڭ بىر ئېغىز ئۆينى ئاجرىتىپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى يېڭىلاتتى، ئون يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق ياساتتى، بۇنىڭ بىلەن سىنىپ تەييار بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇكىلىرىدىن ئابدۇجاپپار، توختىخان، مەرەمخان، پاتىمە، ئابدۇساتتار، بۇۋىخەلچەم، قوشنا - قولۇملارنىڭ بالىلىرىدىن سىراجىدىن زۇپەر، ئابدۇراخمان شامەرەم قاتارلىق يىگىرمە بالىنى ئوقۇشقا جەلپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇ بىر سىنىپلىق يېڭىچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش باشلاندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئوقۇغۇچىلارغا بىر سائەت ئانا تىل، بىر سائەت ھېساب، ئارىلاپ تەنتەربىيە،

ناخشا دەرسلىرىنى ئۆتەتتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەپتەر - قەلەمنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز تارقىتىپ بېرەتتى. ئۇ چۈشتىن بۇرۇن سىنىپتا دەرس ئۆتەتتى. كەچقۇرۇن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئائىلىلىرىگىچە بېرىپ ئۇلارنىڭ دەرس تەكرارلاپ، تاپشۇرۇق ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى.

— ئابدۇخالىق قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك موسكۋادا ئوقۇپ كەلگەن تۇرۇقلۇق گۆدەك باللارنى ئوقۇتىمەن دەپ نېمە قىلغىنى بۇ، ئۆزىنى ئۆزى خارلىغاندەك، — دېيىشتى بەزىلەر. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— مەن غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان خەلقىمنى ئويغىتىش ئۈچۈن موسكۋادا ئوقۇغانمەن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىپ، ئىلىم نۇرى ئارقىلىق نادانلارنىڭ كۆزىنى ئېچىشتىن ئۇلۇغ، مۇئەللىم دېگەن بۇ مۇبارەك نامدىن ئەتىۋارلىق يەنە نېمە بار؟! — دېدى تەمكىنلىك بىلەن.

ئۇ جەمئىيەتتىن كېلىۋاتقان ھەرخىل توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

بىر كۈنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سىنىپقا دەرسكە كىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنى ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم توختىتىۋېلىپ:

— سىڭلىڭىز توختىخان ھازىر بويىغا يېتىپ قالدى، ئۇ يېرىم يىلدىن بۇيان ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىۋالدى. قىز بالىغا شۇمۇ چوڭ ئىش. ئەمدى ئوقۇشتىن توختىسۇن، — دېدى.

ئابدۇخالىق چوڭقۇر تىنىپ دېدى:

— مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن، ئىنسان بالىسى كىچىكىدىنلا مەكتەپتە ئوقۇپ ئىلىم - پەن ئىگىلىشى كېرەك. دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولمىسا قۇرۇپ قالىدۇ، مەكتەپ تەربىيىسى ئالمىغان بىلىمسىز ئادەم خۇددى قوۋزاقسىز قاقشال دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئادەملەر روناق تاپالمايدۇ، مەڭگۈ بەختسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇراخمان مەخسۇم «بوپتۇ ئوقۇسۇن» دەپ توختىخاننى ئوقۇشتىن توسۇمىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەكتەپ ئېچىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئۇ تۇرپاندا بىر نەشرىيات قۇرۇپ گېزىت، ژۇرنال، كىتاب نەشر قىلىپ ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىپ خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن باسما زاۋۇت قۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ماڭغان سودىگەرلەرگە باسما زاۋۇتىنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا يېتەرلىك پۇل بەرگەنىدى.

1927 - يىل ئەتىيازدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالدۇرغان باسما زاۋۇتىنىڭ ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى چېگرىدىن ئۆتۈپ چۆچەككە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ياڭ زېڭشىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇ باسما زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى دەرھال مۇسادىرە قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ ئابدۇخالىقنىڭ باسما زاۋۇت قۇرۇشىغا يول قويمىدى.

بۇ ئىش ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئۇ ئۆيىدە چېچىلىپ ئولتۇرغىنىدا ئىشىك ئېچىلىپ دوستلىرىدىن ھېسامىدىن زۇپەر، ھەبىبۇللا ئەپەندى، ئەكبەرخانلار كىرىپ كېلىشتى. ئەھۋالنى ئۇققان دوستلىرى ئابدۇخالىق

ئۇيغۇرغا تەسەللى بېرىشتى. بىر پەستىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مەتبەئە، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ دوستلىرىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن:

— مەتبەئە، نەشرىياتچىلىق ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بۈيۈك ئىشىكىنى ئاچقۇچى ئالتۇن ئاچقۇچ. زالىم ياڭ زېڭشىن بۇ ئالتۇن ئاچقۇچنى بىزگە تۇتقۇزمىدى، خەپ! كەلگۈسىدە شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، بىزنىڭمۇ ئۆز مەتبەئە، نەشرىياتىمىز بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆز ئەسەرلىرىمىزنى نەشر قىلىپ، گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا بېسىپ تارقىتالايمىز، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ باسما زاۋۇت قۇرۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن يېڭىچە مەكتەپنى كېڭەيتىشكە كىرىشتى. ئۇ يەتتە يۈز سەر پۇل چىقىرىپ، خىراجەت قىلىپ ئالدىنقى يىلى ئۆز ھويلىسىدا ئاچقان يېڭى مەكتەپ ئاساسىدا نىياز ھاجىنىڭ قورۇسىدا بىر يېڭى پەننىي مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپكە «ئاقارتىش مەكتىپى» دەپ نام بېرىلدى. 1927 - يىل 4 - ئايدا ئاقارتىش مەكتىپىگە يېڭىدىن بىر سىنىپلىق قىرىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇش باشلاندى. مۆمىن ئەپەندى، ئەنەيتۇللا ئەپەندى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئانا تىلى دەرسىنى داۋاملىق ئۆزى ئۆتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۆمىن ئەپەندى بىلەن ئەنەيتۇللا ئەپەندىگە سوۋېت مەكتەپلىرىنىڭ يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ ۋە ئۆزى ئۇلگە كۆرسىتىپ دەرس ئۆتۈپ ئۇلارنى يېتەكلىگەچكە، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ناھايىتى جانلاندى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقارتىش مەكتىپى تۇرپاندا ئىلىم - مەرىپەت، يېڭىلىق ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى تارقىتىپ، نادانلىق، جاھالەتكە قارشى ئوت ئاچىدىغان يېڭى مەدەنىيەت ئوچىقىغا ئايلاندى. يېڭى مەكتەپنى ئۆزلىرىگە «خەۋپ» دەپ بىلگەن جاھالەت كۈچلىرى، جاھىل موللا، سوپى - ئىشانلار، كونىلىق تەرەپدارى بولغان بەگ - تۆرىلەر تىل بىرىكتۈرۈپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ جەمئىيەتتە ئاقارتىش مەكتىپىگە قارشى غۇلغۇلا قوزغىدى. 6 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئەنەيتۇللا ئەپەندى كەينى - كەينىدىن دەرس ئۆتۈپ بولۇپ كوچىغا چىقىپ كېتىشتى. مۆمىن ئەپەندى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈۋاتاتتى. تۇرتەك موللا باشلىغان بىر توپ ئادەملەر قىيا - چىيا توۋلىشىپ سىنىپقا باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن مەجبۇرىي ھەيدىۋېتىپ، مۆمىن ئەپەندىنى ئۇرۇپ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئاقارتىش مەكتىپىدە يۈز بەرگەن ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەرھال ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىنغا مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر، تۆمۈرجىساھاجى، ھەبىبۇللا ئەپەندى، مۆمىن ئەپەندى، ئەنەيتۇللا ئەپەندىلەر قاتناشتى. ئۇلار بىردەك:

— جەمئىيەتتىكى تەتۈر قۇيۇنغا باش ئەگمەي، مەكتەپتە دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، — دېيىشتى.

ئۇلار ئاخىرىدا مەسلىھەتلىشىپ مەكتەپتە بۇرۇن ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە قوشۇپ كۈندە بىر سائەتتىن دىنىي دەرس ئۆتۈشنى قارار قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىسى ھەمدۇللا داموللامنىڭ ما-قۇللۇقىنى ئېلىپ قۇربان قارىينى ئاقارتىش مەكتىپىنىڭ دىنىي دەرس مۇئەللىملىكىگە تەكلىپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى تەتۈر قۇيۇن توسۇلۇپ ئاقارتىش مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق داۋام-لاشتى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى.

1928 - يىل 3 - ئايدا جەمئىيەتتە يەنە بىر قېتىم ئاقارتىش مەكتىپىگە قارشى تەتۈر قۇيۇن كۆتۈرۈلدى. ئاب-دۇخالىق ئۇيغۇر دەرھال مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ تەتۈر قۇيۇنغا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى.

— ئاقارتىش مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن دىنىي مەكتەپ باللىرىنى بىر ئورۇنغا يىغىپ ئوچۇق ئىمتىھان ئېلىش، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، — ئەگەر ئاقارتىش مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە مەكتەپ-نى تاقىساق، ئۆتۈپ كەتسە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرساق.

ھەممەيلەن بۇ چارىگە قوشۇلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىدىن زۇپەر ھەمدۇللا داموللامنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ مەكتەپ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئوتتۇ-رىغا قويدى. ھەمدۇللا داموللام:

— بۇ چارە بولىدىكەن، شۇنداق قىلايلى، — دېدى قوشۇلۇپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاقار-تىش مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مۇسابىقە ئىمتىھانىغا پۇخ-تا تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىككى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى

يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قويۇق دەرەخلەر بىلەن ئورالغان ئېلى ھاجىنىڭ پاختا زاۋۇتى قورۇسىغا يىغىلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، موللىلار، ئىمام - مەزىن-لەرمۇ يىغىلىشقانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى ئاقارتىش مەكتىپى-نىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە رەتلىك ئولتۇراتتى.

يىغىن ئەھلى ھەمدۇللا داموللام، مەخسۇت مۇھىتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئابلىتىپ ئاخۇنۇمنى ئىمتىھان نازارەت-چىلىكىگە سايلىدى. بۇ تۆت كىشى قورۇنىڭ تۆر تەرىپىگە ياسالغان سەھنىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

ئىمتىھان نازارەتچىلىرى ئاقارتىش مەكتىپىدىن مۆمىن ئەپەندىنى، دىنىي مەكتەپتىن تۇرسۇن خەلپەتنى ئىمتىھان ئالغۇچى قىلىپ كۆرسەتتى.

ئاۋۋال ھەر ئىككى مەكتەپتىن بەشتىن ئوقۇغۇچى تال-لىنىپ چىقىپ، ئۇلاردىن ئىمان - ئىسلام توغرىسىدىكى سوئاللار سورالدى، كېيىن ھېسابتىن كەرە يادلىتىلدى، ئارقىدىن دوسكىغا چىقىرىپ ئىنشا يازدۇرۇلدى. ئاخىرىدا ھەپتىيەكتىن سۈرە ئوقۇتۇلدى. نەتىجىدە ئاقارتىش مەكتى-پىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ دىنىي مەك-تەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بېسىپ چۈشتى.

ھەمدۇللا داموللام كۆپچىلىككە قاراپ:

— ھەممىمىز كۆردۇقكى، ئاقارتىش مەكتىپىنىڭ ئو-قۇغۇچىلىرى ئىككىلا جەھەتتىن ياخشى ئوقۇغان. ئۇلارنى «جەدىت، يولدىن چىقتى» دەپ ئەيىبلىمەسلىك كېرەك، — دېدى ۋەزمىن ئاھاڭدا. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەيداندا ئولتۇرغان ئاقارتىش مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانى-لىرى قىزغىن چاۋاك چېلىشتى.

# خانىنىڭ تۇرمۇشى

1927 - يىل 4 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. بىر كۈنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن يېزىقچىلىق ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ تاكى كەچكىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمىدى. ئابدۇراخمان مەخسۇم ئائىلىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە، شائىر ئىشخانىسىدا ئىجادىيەت ياكى كىتاب ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا پەۋقۇلئاددە مۇھىم بىرەر ئىش بولمىسىلا ئۇنى ھېچكىم چاقىرمايتتى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرمەيتتى.

نىيازخان كەچقۇرۇن ھويلىغا چىقىپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى خاس ئۆيگە نەزەر تاشلاپ: «بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۈچ كۈن بولدى، تالا - تۈزگە چىقمايمۇ دېمەيدۇغۇ؟ نەزمە يازسىمىزە ئۇنداقمۇ دەم ئالمايلا يازغۇلۇقمۇ؟ بىر يېرى ئاغرىپ قالدىمۇ يە؟» مېھرىبان ئانا شۇلارنى ئويلاپ تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا ھۇجرىسىدىن ئايىمخان چىقتى. نىيازخان ئايلا كېلىنىنى كۆرۈپ:

— ھەي، ئايخېنىم! ئابدۇخالىققا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچنېمە بولمىدىغۇ، كېچىچە ئۇخلىماي شېئىر يازغان، — دېدى ئايىمخان كۈلۈمسىرەپ.

— ھە، كېچىچە شېئىر يازغان بولسا ھازىر ئۇخلاپ قالغاندۇ، — دېدى ئانا.

— ھى - ھى - ھى! — قىيىنالىسىنىڭ بۇ گېپى كېلىنىنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋەتتى، — ۋاي ئاپا، نېمە دېگەنلىرى ئۇ، مىجەز - خۇلقىنى بىلمەيدىغاندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىلاغۇ، ئۇ بەزىدە پۈتۈن - پۈتۈن كېچىلەرنى شېئىر يېزىش، كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان تۇرسا، تېخى يېقىندىلا ئۆزلىرىمۇ ئاڭلىدىلاغۇ، «بىر مىنۇت ۋاقىت، بىر جىلىك ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك» دېگەن گېپىنى. كېچىسى ئۇخلىماي شېئىر يازىدىغان ئادەمزە كۈندۈزى ئۇخلارمۇ؟

— بولمىسا ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟

— شېئىر يېزىۋاتىدىغاندۇ، ئۇ كىشى: «ئىلھام كەلگەندە دەرھال پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يېزىۋەتمىسەم بولمايدۇ» دەپ، ئاش - تاماققىمۇ قارىمايدۇ.

نىيازخان ئايلا بىر ئىشنى ئويلىدى ـ دە، كېلىنىگە بۇيرۇدى:

— ئىسسىق بىر چەينەك چاي دەملەپ چىقسىلا!

ئايىمخان ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ بىر چەينەك چاي دەملەپ چىقتى.

— ئەكەلسىلە، چەينەكنى ماڭا بەرسىلە، ئابدۇخالىقنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باقاي، ئىلھام دېگەن قانداق كېلىدىغان نېمىكىن ئۇ، — نىيازخان ئايلا شۇنداق دەپ كېلىنىنىڭ قولىدىن چەينەكنى ئېلىپ ھويلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان پەلەمپەيگە ئاياغ بېسىپ يۇقىرىغا چىقتى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشكىلا ئۈستەلنىڭ چېتىدە تۇرغان بىر تاۋاق پولۇغا كۆزى چۈشتى. پولۇ ئازراقمۇ يېيىلمىگەن،

ئۈستىگە بىسلغان گۆشمۇ شۈيىتى تۇراتتى. بۇ چۈشتە ئې-
تىلگەن پولۇ ئىدى. ئابدۇخالىق پۈتۈن زىھنىنى مەركەزلەش-
تۈرۈپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاچقا ئانىسىنىڭ كىر-
گىنىنى تۇيمىدى. ئانا ئوغلىنىڭ كەڭ پېشانىسىدىكى ئۇنچە-
دەك پارقىراپ تۇرغان تەرگە قاراپ ئاخىرى تاقەت
قىلالمىدى - دە، «ئۆھ - ھۇ!» دەپ يۆتەلدى.
پەقەت شۇ چاغدىلا ئابدۇخالىق قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ، ئورنىدىن تۇردى - دە:
— كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، — دېدى.
نىيازخان ئايلا چىنىگە چاي قۇيۇپ ئوغلىغا ئۇزاتتى.
ئابدۇخالىق چىنىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلاپ:
— رەھمەت، ئەجەب تەملىك چايكىنا بۇ، — دېدى
ھۇزۇرلانغان ھالدا.
— ئىچسىلە، بەتتە پولۇ ئاغزىلىرىغا تېتىماي، سىنچاي
تېتىغان بولسا ئۇسسۇزلۇقلىرى قانغۇدەك ئىچسىلە، —
دېدى نىيازخان ئايلا.
— پولۇ؟ — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قورسىقىنىڭ
ئاچقانلىقىنى سېزىپ.
— بۇ پولۇنچۇ چۈشتە ئەتكەن، چۈشتە ئايخېنىم ئاچىـ
قىپ بەرگەنغۇ، تۇيماپتىلا - دە، ھەي ئابدۇخالىق، ئىلھام
دېگەن مۇشۇنداق كېلىدىغان بىرنېمىمۇ ئۇ، قارنىنىڭ ئاچقى-
نىنىمۇ بىلەلمەي قالىدىغان؟
ئابدۇخالىق نىيازخان ئايلىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلدى -
دە، ئۇنچىقمىدى.
— ئابدۇخالىق، مۇشۇ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ كېچەيۇ كۈن-
دۈز كىتاب، قەغەز - قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ زېرىكىپمۇ

قالۇردىلا، ھېي، مۇشۇ كۇنمۇ - ھە؟ ئۆزلەمۇ باشقا بايۋەچ-چىلەرگە ئوخشاش كوچا - كويلارغا چىقىپ بازار چۆگىلەپ ئويناپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كەلسىلە بولمامدۇ؟

ئاپىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئۆينىڭ تۆرىدىكى دېرىزە ئالدىغا بېرىپ يىراقتىكى ئاق باش چوققىلىق تەڭرىتاغلىرىغا نەزەر تاشلاپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاپىسىغا قا-راپ:

— بىر بېيىت ئاڭلاپ باقاملا، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

نىيازخان ئايلا بېشىنى لىڭشىتىپ ئوغلىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېدى، ئۇ تەسىرلىك ئاھاڭدا ئوقۇدى:

كۇنۇ تۇن ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازابى يەنچۇ،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.

مەن زېرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مېنىڭ،
ئېيتىڭىز چۇ ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن.

نىيازخان ئايلا ئوغلىنىڭ چىرايىدا نامايان بولۇۋاتقان قەتئىيلىك، جەسۇرانە شىجائەت ئىپادىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا دېدى:

— توۋا خۇدايىم، بۇ شۇنداق ئىشمۇ؟ ئۆزلىرى كىتاب ئوقۇپ، نەزمە پۇتۇپ يۇرگەنلىرىنى خاننىڭ تۇرمۇشى بىلەن تەڭ كۆرگەن بولسىلا، بوپتۇ، بۇنىسىنى بىز بىلمەپتىمىز، ئۆزلىرى بۇ ئۆيدە خاننىڭ كۇنىنى كۆرۈۋەرسىلە، لېكىنزە، يېيىش - ئىچىشنى قولدىن بەرمىسىلە.

# ھەربىر ۋارىقىدىن گۆھەر چىقىدىغان كىتاب

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھويلىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان ئىككىنچى قەۋەتتىكى يېزىقچىلىق ئۆيىگە يانداش چوڭ بىر ئېغىز ئۆيى ئۇنىڭ مەخسۇس كىتابخانىسى ئىدى. 20 ـ يىللاردا شىنجاڭدا ئۈچ چوڭ ئائىلە كىتابخانىسى بولۇپ، بۇلار تۇرپاندىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، چۆچەكتىكى مىرىيۇسۇپ، غۇلجىدىكى ھۇسەينىيە ئائىلە كىتابخانىلىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئائىلە كىتابخانىسى ئۇيغۇرچە، تاتارچە، ئۆزبېكچە، تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە، رۇسچە، خەنزۇچە داڭلىق كىتابلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ ھەرقانداق ئىلغار كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلىسىمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يوشۇرۇن يوللار بىلەن پۇلنى ئاياپ تۇرماي كىتاب سېتىۋالاتتى. تۇرپاندا «ئابدۇراخمان مەخسۇم پۇل تاپىدۇ، ئابدۇخالىق كىتاب سېتىۋالىدۇ» دېگەن گەپ تارقالغانىدى.

جاھالەتنىڭ قارا بۇلۇتلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن زۇلمەتلىك زاماندا شىنجاڭدا گېزىت، ژۇرنال، كىتاب نەشر قىلىنمايتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلىم ـ مەرىپەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا كىتاب

ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلاپ ھەرخىل توسالغۇلارنى يېڭىپ كىتاب يىغىشقا باشلىغانىدى. مەرىپەتپەرۋەر ئاتا ۋە ئانا ئەزىز ئوغلىنىڭ ئىلىمگە ئىنتىلىشتەك قىممەتلىك پەزىلىتىنى قەدىرلەپ بىر ئۆينى مەخسۇس ئاجرىتىپ كىتاب تىزىدىغان ئىشكاپلار بىلەن جابدۇپ بەرگەنىدى.

يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇ كىتابخانىدا كىتابلار كۆپىيىپ تۇرپاننىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئىلغار زىيالىيلىرى، ئىلىم - مەرىپەت تەشنالىرى ئۈچۈن بىلىم ئوچىقى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار پات - پات بۇ كىتابخانىغا يىغىلىپ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى سۆزلىشەتتى.

1927 - يىل يازدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئوكيانۇس» ناملىق خەنزۇچە بىر چوڭ كىتابنى شاڭخەيگە سودىغا بارغان سودىگەرلەرگە پۇل بېرىپ ئۈچ يۈز سەر تەڭگىگە سېتىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ئىنتايىن ھەيران قېلىشقانىدى. بىرقانچە ياراملىق ئاتنىڭ پۇلىغا بىر كىتاب سېتىۋالدى دېگەن زادى قانداق گەپ! چۈشتىن كېيىن سودىگەرلەردىن سىدىق ئوسمان، يۈسۈپ يىفاڭ، مىراب شاڭيولار «ئاشۇ قىممەت كىتابنى بىر كۆرەيلى!» دەپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە كىرىشتى.

داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مېھمانلارغا شاڭخەيدىن ئەكەلدۇرگەن «ئوكيانۇس» نى كۆرسەتتى. مېھمانلار كىتابنى قولىغا ئېلىپ:

— بۇ سودىدا قاتتىق زىيان تارتىپلا، — دېيىشتى ئەيىبلەپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— ئەگەردە بۇ كىتابنىڭ بىر ۋارىقى ئۈچ يۈز سەر

كۆمۈش بولسىمۇ قىممەت كۆرمەي ئالاتتىم. بۇ كىتابنىڭ ھەربىر ۋارىقىدىن گۆھەر چىقىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى.

* *

1927 ـ يىل 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى پەن ياۋنيەن شىنجاڭ بويىچە قاراشەھەردە «سەنمىنجۇيى[1] ئۆگىنىش كۇرسى» ئاچتى. بۇ كۇرسقا تۇرپاندىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ئۇ شۇ جەرياندا سۇن جۇڭشەننىڭ «سەنمىنجۇيى» ناملىق كىتابىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى.

ئۇ كۇرسقا قاتنىشىش جەريانىدا موڭغۇل زىيالىي ساخا بىلەن تونۇشۇپ ئاسانلا چىقىشىپ كەتتى. ساخا ئۇيغۇر تىلىنى بىلەتتى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەي ساخانى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن موڭغۇل تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. «سەنمىنجۇيىنى ئۆگىنىش كۇرسى» ئالتە ئاي داۋاملىشىپ 1928 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاخىرلاشتى، ئۆگىنىشكە ماھىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۇرس ئاخىرلاشقىچە موڭغۇل تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئاساسەن ئىگىلىۋالدى.

---

[1] سەنمىنجۇيى — سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلەك سىياسىتى.

# قىممەتلىك سۆيۈنچە

1928 - يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا ئايىمخاننىڭ ئۇچىنچى پەرزەنتكە كۆزى يورۇدى. ئۇچىنچى نەۋرىسىنىڭ ھەم ئوغۇل بولغانلىقى ئابدۇراخمان ئائىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەمنى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇچ كۈنگىچە مۇبارەكلەپ كەل-گۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇي-غۇر ئۆزىنىڭ خاس ئىشخانىسىدا كىتاب ۋە قەغەز دۆۋىسىگە چۆكۈپ كەتكەندەك ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراتتى. شائىرغا رەپىقىسىنىڭ كۆز يورۇغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولغان شائىر بالىغا «ئابدۇرېشىت» دەپ ئىسىم قويۇشنى تاپىلاپلا يەنە ئۆز مەشغۇلاتىغا كىرىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئو تۇغۇتلۇق رەپىقىسىنى مۇبارەكلەش-نىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆت-تى. شائىر خاس ئىشخانىسىدىن چىقمىدى. بۇنىڭدىن رەن-جىگەن نىيازخان خاس ئىشخانىغا ئۆزى كىرىپ «باقىكامىنىڭ دەردى» ناملىق ھېكايىنى يېزىش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەن ئوغلىنى ئەيىبلىدى.

ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ئابدۇخالىق، ئەسلىرىنى يوقىتىپ قويدىلامۇ؟ مەز-لۇملىرى بىر چىرايلىق پاقلاندەك ئوغۇل تۇغۇپ بەرسىزە، ئۇچ كۈنگىچە مۇبارەكلەپ قويمىدىلاغۇ؟ بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ

بالىغا مۇشۇنداق ئۇگال قىلسىلا بولامدۇ؟ — دەپ كايىپلا كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك قەلەمنى ئۇستەلگە قويۇپ، ئۆزىنى ئەيىبلىك هېس قىلدى. ئۇ بىر پەس ئويلىنىپ بىر ۋاراق قەغەزگە بىر شېئىر يازدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ كەينىدىن تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىردى. ئۇ ئايىمخاندىن هال سوراپ ۋاقتىدا كىرەلمىگەنلىدىكى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈندى. ئايىمخان ئۈنچىقمىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— مەن سىزگە ئالدىراشچىلىقتا ياخشى سوۋغات ئەكىرەلمىدىم. ئاددىي بولسىمۇ بۇنى قوبۇل قىلىڭ، — دەپ يېڭى يازغان شېئىرىنى ئايىمخانغا بەردى. ئايىمخان شېئىرنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆز يۇگۈرتتى. قەغەزگە ناهايىتى چىرايلىق پوچۇركىدا بىر كۇپلېت مۇبارەكنامە يېزىلغانىدى. ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە ئۆسكەن بۇ گۇزەل، ۋاپادار، ئەقىللىق ئايال كىتاب ئوقۇشقا تولىمۇ زوقمەن ئىدى. ئۇ ئۆز سۆيۈملۈكى ئابدۇخالىقنى قانچىلىك قىزغىن سۆيسە، ئۇ يازغان شېئىرلارنىمۇ شۇنچىلىك سۆيۈپ ئوقۇيتتى. تۇغۇتلۇق ياتقان ئايىمخان مۇبارەكنامىنى ئوقۇپ قەلبى يايراپ، بۇلاقتەك كۆزلىرىدە شادلىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى ـ دە:

— ئۆزلىرىگە رەهمەت، ماڭا هەرقانچە قىممەت باهالىق سۆيۈنچىدىنمۇ مۇشۇ بىر كۇپلېت شېئىرلىرى ئەۋزەل، — دېدى هاياجان بىلەن.

كېلىنىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان نىيازخان ئايلا هەيران قېلىپ:

— قىزىم، مۇبارەكنامىنى بىزمۇ ئاڭلاپ باقىلى ئەمە-

سە، — دېدى.

ئايمخان مۇبارەكنامىنى يېقىملىق ئاھاڭدا تازا كېلىشتۈرۈپ ئوقۇدى:

بار ئىدى بىر گۇل چىمەندە، ئۆزى ھەم غۇنچە ئىدى،
غۇنچىدىن قۇدرەت ئىلاھىم، غۇنچە پەيدا ئەيلىدى.

مۇبارەكنامىنى ئالتۇن - كۈمۈشتىنمۇ ئەتىۋار بىلگەن ئايمخان سۆيۈنگەن ھالدا، مۇبارەكنامە يېزىلغان قەغەزنى ئاۋايلاپ قاتلاپ ياستۇقىنىڭ يېنىدىكى ئەينەكنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى.

*　　　*

1929 - يىل يازدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۆت ياشلىق ئوتتۇرانچى ئوغلى ئابلىزجان بىلەن بىر ياشقا كىرگەن كەنجى ئوغلى ئابدۇرېشىتخان كېسەل بولۇپ كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ ئەمدىلا يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەن ۋاپادارى ئايمخان كېسەل بولۇپ شىپالىق تاپالماي باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چەكسىز ئېغىر مۇسىبەت ئازابى ئىچىدە قالدى. ئۇ ئۆمۈرلۈك يارىنى «ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ تۈۋرۈكى» دەپ بىلەتتى. ئۇ گۈلشىنىدىن ئايرىلغان ھەسرەتلىك بۇلبۇلنىڭ ئەلەملىك پىغانىنى ئەسلەتكۈچى مەشھۇر شېئىرى «مەرسىيە» نى يازدى.

......

تاشلىدىڭ جىسمەن گۈلۈم روھان ھامانە بىرگە بول،
ھەم يىراقتۇر، ھەم ئېغىر تۇرمۇشتا قالغان ئۇشبۇ يول.

......

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەرھۇم ئايىمخانغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىنى پاك قەلبىدە ساقلاپ بىر يىلغىچە قارىلىق تۇتتى. ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، بىلىمى مول ئابدۇخالىققا تۇر- پاننىڭ داڭدار سودىگەر، بايلىرىدىن بىرقانچىسى بويىغا يەت- كەن خانقىزلىرىنى «بېرىمىز» دېيىشتى. دوستلىرى شا- ئىرغا توي ئىشى توغرۇلۇق سۆز ئېچىۋىدى، ئۇ رەت قىلدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ ئەرەمسىما خېنىم توي ئىشى توغرۇلۇق ئابدۇخالىققا نەسىھەت قىلىپ كۆز يېشىمۇ قىل- دى. بىراق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— مۆتىۋەر كاتتىلارنىڭ ھەممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت، ھەرقايسىلىرىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگىمۇ كۆپ رەھمەت. ئانا، مەن يۈرەك سۆزۈمنى ھېچقاچان ئۆزلەدىن يوشۇرۇپ باقمىغان، جان ئانا، ھازىر جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋا- تىدۇ؟ — دەپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئارىنى جىمجىتلىق قاپلىدى. بىر پەسلىك سۈكۈتنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇزدى. ئۇ جايىغا ئولتۇرۇپ ئانىسىغا قاراپ ۋەزمىن ئاھاڭدا ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىشقا باشلى- دى:

— ھازىر تويغا ھەۋەس قىلىدىغان چاغمۇ؟ خەلقىمىز ئېغىر زۇلۇم - كۈلپەت چېكىۋاتسا، مەن ئەلنىڭ ئوغلى تۇرۇپ ئەلنى ئويلىماي تۇرالايمەنمۇ؟ ئۆزىنى «مەن ئەلنىڭ ئوغلى» دەپ ھېسابلايدىغان بىر ئەر ئۆز مەشۇقىنى، ئۆز خۇشاللىقىنى، ئۆز بەختىنىلا ئويلىسا بولامدۇ؟ بۇ بەك تې- تىقسىزلىق، چاكىنىلىق، بىمەنىلىك بولامدۇ؟ مەن ئۆ-

زۇمنى ئەمەس، ئالدى بىلەن ئازاب ئىچىدە تۇرغان خەلقىمنى ئويلىشىم كېرەك. ئانا، ئۆزلىرى «بۇ ئابدۇخالىق سۆزۈمنى ئاڭلىمىدى» دەپ خاپا بولمىسىلا، مېنى توي قىلىشقا سايە قىلغۇچىلارغا ئابدۇخالىق: «مەن ھازىرمۇ مەرھۇم ئايىمخاندىنىڭ تەئىزىيەسىدىمەن» دەپ يورۇپتۇ، ھازىرچە ئۆيلەنگۈدەك دەپ قويسىلا، مېنىڭ خەلقىم قاچان زۇلۇم - كۈلپەتتىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئېرىشسە، شۇ چاغدا مېنىڭ تويۇم بولىدۇ.

ئابدۇخالىقنىڭ كۈچلۈك ھاياجان بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئەرەمسىما خېنىم ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي:

— جېنىم بالام، ئىلاھىم مۇراد - مەقسەتلىرىڭگە يەتكەيلا، — دەپ يىغلاپ كەتتى.

# خاراشىوۋ پېرېۋۋد[1]

1930 - يىل 1 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېزىقچىلىق ئۆيىدىن چىقماي بىرنەچچە كۈن جىددىي ئىشلىدى. بىر كۈنى چۈشكە يېقىن ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

— كىرىڭ! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ. ئىشىك ئېچىلىپ بېشىغا قۇلاقچە، ئۇچىسىغا خۇرۇم پالشوپكا كىيگەن، ئوتتۇرا بويلۇق، قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر رۇس كىردى.

— كېلىڭ، ئانتۇن پاۋلوۋىچ پىلاتوۋىسكى، — دېگىنىچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سالاملىشىپ مېھماننى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى.

پىلاتوۋىسكى ئۆتكەن يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۇرپان كونىشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ بىر چاقىرىم شىمالىغا يېڭىدىن قۇرۇلغان «دېھقانچىلىق يېڭى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى» غا خىزمەتكە كەلگەن رۇس مۇتەخەسسىسى ئىدى. ئۇ تۇرپانغا كېلىپلا موسكۋادا ئوقۇپ كەلگەن بىر ئۇيغۇر شائىر يىگىتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ بەكمۇ قىزىقتى. ئۇ سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تاپتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ

---

(1) خاراشىوۋ پېرېۋۋد — رۇسچە ياخشى تەرجىمە.

شائىرنىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلەتتى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالى، ئىلىم - پەن تەرەققىياتى، ئەدە-
بىياتى ئۇستىدە ئۇزاق - ئۇزاق سۆزلىشىپ كېتەتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى پىلاتوۋىسكى ئابدۇخالىق ئۇي-
غۇردىن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ
بىلەن شائىر بۇ رۇس تېخنىكقا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىتىشكە
باشلىدى. پىلاتوۋىسكى تىرىشچان ئادەم بولغاچقا، بىرنەچچە
ئايدىلا تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئۆگىنىۋال-
دى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلگىرى ئۆگەنگەن
رۇس تىلىنى مۇستەھكەملەپ بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ
كەم يەرلىرىنى تولۇقلىدى.

پىلاتوۋىسكى ئۇستەل ئۇستىدىكى قاتتىق مۇقاۋىلىق قې-
لىن كىتابنى قولىغا ئېلىپ جانلىنىپ كەتتى:

— ياھ، رومان «ئاننا كارىننا»! — دېدى ئۇ.

— ھەئە، مەن لېۋ. تولستوينىڭ «ئاننا كارىننا» روما-
نىنى ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇخا-
لىق ئۇيغۇر.

پىلاتوۋىسكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ باشمالتىقىنى
چىقىرىپ:

— ئوچىن خاراششوۋ، خاراششوۋ پېرېۋۇد، — دېدى
قايىللىق بىلەن پىلاتوۋىسكى ھازىر قىش پەسلى بولغاچقا
تېخنىكا پونكىتىدا ئىش يوقلۇقىنى، ئەتىدىن باشلاپ «ئاننا
كارىننا» رومانىنى ئۆزى رۇسچە ئوقۇپ بەرسە، ئابدۇخالىق
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىۋەرسە، سۈرئەت تېز بولى-
دىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇشال بولدى.

ئۇلار كەچكىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا سۆزلەشتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن پىلاتوۋسكى تېخنىكا پونكىتىغا قايتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ پىلاتوۋسكى كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا، ئابدۇخالىق بولسا ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ يېزىشقا باشلىدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پىلاتوۋسكىينىڭ ياردىمىدە «ئاننا كارىننا» رومانىنى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ تاماملىدى.

*　　　*

بىر كۈنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاس ئىشخانىسىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. ئىشخانىغا شائىرنىڭ دوستى ئەكبەرخان كىرىپ كەلدى.

ئىككى دوست قىزغىن سالاملاشتى. ئەكبەرخان شائىرنىڭ يېڭى يازغان «كۆڭۈل خاھىشى» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بېشىنى چايقىدى.

— نېمە گەپ، بۇ شېئىر ئۆزلەگە ياقماي قالدىمۇ قادىداق؟ — سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دوستىدىن.

— يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس. ئۆزلە يازغان شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى پاساھەتلىك، ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترەتكۈدەك جەزبىلىك. بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىنى چوڭ شائىرلاردىن پەرقەت بىلەن ئابدۇللا توقايغا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. ئەممازە، بۇ جاھالەت ئىسكەنجىسىدە قالغان دىياردا يازغان ئەسەرلەرنى نەشر قىلدىرىغان مەتبۇئات يوق - دە، تاشكەنتكە ئوخشاش ئۈرۈمچىدە بولسىمۇ كىچىككىنە بىر باسما زاۋۇتى بولغان بولسا بىر نۆرى ئىدى. بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ توپا چاڭلىرى باسقان قالاق يۇرتتا،

ھەي، ئۆزلەننڭ ئادرېسلىرىنى ھەمدە كىم ئىكەنلىكلىرىنى ھېچكىم بىلمىسە، بۇنداق پارچە ـ پۇرات شېئىرلارنى يېزىش بىلەن ناملىرى چىقارمۇ؟ پارچە ـ پۇرات، كىچىك شېئىرلار-نى يازغاندىن كۆرە، چوڭ ـ چوڭ داستانلارنى يازسىلا ئاندىن ناملىرى ئۆچمەيدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئەكبەرخان ئۇڭ قو-لىنى كۆتۈرۈپ تەكىتلەپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈپ كەتتى:

— شۇنچە يىللاردىن بېرى ئەسرا بولۇپ يۇرۇپمۇ مېنىڭ قەلبىمنى تازا چۈشەنمىگەنلىكلىرىگە ھەيرانمەن. مەن شۇنى كېسىپ ئېيتايكى، مەن نام چىقىرىش، شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن شېئىر يازمايمەن. مەن پەقەت نادانلىق بۆشۈكىگە بۆلىنىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان خەلقىمنى ئويـ-غىتىپ، ئۇلارنى ھۆرلۈك، باراۋەرلىك، ئازادلىققا باشلاش ئۈچۈن شېئىر يازىمەن. بۇ قەلبىمنىڭ چاقىرىقى، ۋىجدانىمـ-نىڭ بۇيرۇقى! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھاياجان بىلەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنداق دەپ بولۇپ ئالدىدا تۇرغان ئىككى پارچە شېئىرنى قولىغا ئالدى ـ دە:

— مانا بۇ پارچە پۇراتىمدىن ئۈچىنچىدۇر،

ئۆزۈمگە قىممىتى، ھەربىر سۆزى چىن ئۇنچىدۇر، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتتىق مۇقاۋىلىق قېلىن خاتىرە دەپتەرگە بۇرۇن يازغان ئۈچيۈز پارچە شېئىر-نى چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ چىقتى. بىرىنچى بەتكە «پار-چە ـ پۇرات» دەپ ماۋزۇ قويدى. ماۋزۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە «مەتبەسى بەش بارماق، ئادرېسى خىيال كوچىسى، نومۇر بىرىنچى» دەپ يېزىپ قويدى.

*　　　*

1931 - يىل ئەتىياز كۆنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇ-
خالىق ئۇيغۇر ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ چارچىدى -
دە، بىر پەس ئايلىنىپ كىرىش ئۈچۈن كوچىغا چىقتى. ئۇ
بىر دوقمۇشتا پاكار، ساقاللىق كەلگەن كېرەم سەپرانىڭ
ئورۇق، ئېگىز كەلگەن باقى ئىسىملىك بىر دېھقاننى ھاقا-
رەتلەپ ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۇلارنىڭ قېشىغا بار-
دى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— قولىڭىزنى تارتىڭ! — دېدى كېرەم سەپراغا غەزەپ
بىلەن. شائىرنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان كېرەم سەپرا باقىئا-
خۇننى ئۇرۇشتىن توختاپ شائىرغا قاراپ:

— بۇ باقى ماڭا قارا چاپلاۋاتىدۇ، — دېدى ھومىيىپ.

— ئۆتكەن يىل ئۇ مەندىن يۈز جىڭ پىياز ئېلىپ
پۇلىنى ھازىرغىچە بەرمىدى. پۇل ئالغىلى ئۆيىگە كىرسەم
مېنى كوچىغا قوغلاپ چىقىرىپ ئۇرۇۋاتىدۇ. مال ئىگىسى-
دىن ئوغرى كۆچلۈك دېگەن شۇ - دە! — دېدى باقىئاخۇن
ھەسرەت بىلەن.

— سىز بۇ دېھقاندىن يۈز جىڭ پىياز ئالغانمۇ؟ — دەپ
سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— شۇنداق، ئالغان، — دېدى كېرەم سەپرا تەن ئې-
لىپ.

— مۇشۇ خىلدىكى ئىشلىرىڭىزنى نەچچە قېتىم ئۇچرات-
قاندىم، سىز قىزىلكۆز، زالىم ئادەم ئىكەنسىز، — دېدى
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نەپرەت بىلەن.

كېرەم سەپرا بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈگەن ھالدا:

— شائىر، مەن راستىنلا زالىممۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، ئۆزىنىڭ كۈچىگە، ھوقۇقىغا، بايلىقىغا
تايىنىپ پۇقرانى، يېتىم - يېسىرلەرنى، ئاجىز خانىم -
قىزلارنى ئۇرۇپ دەپسەندە قىلىدىغان، مىسكىنلەرنىڭ ئاغزىـ
غا تېگەي دەپ قالغان ناننى تارتىۋالىدىغانلار زالىملار جۈملىـ
سىگە كىرىدۇ، — دېدى شائىر قەتئىي ھالدا.

— ئۆزلە ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا گەز[1] ئېيتقاندا «زالىمـ
نىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ» دېگەنىدىلە. مەن بۈگۈن تۇۋا
قىلدىم. مېنى زالىم دېمىسىلە. مەن بۇرۇنلاردا ئاجىزلارنى
بوزەك ئېتىپ زورلۇق قىلىپ كەپتىمەن. بازارلاردا كىشىـ
لەردىن خاپىلىق تارتسام ئۆيگە قايتىپ خوتۇن - بالىلىرىمنى
ئۇرۇپ زۇلۇم سالىدىغان، ئەمدى خىيال قىلسام بىر كۈنى
تېخى خوتۇنۇمنى ئاشنى تۇزى كەم ئېتىپسەن دەپ ئۇرۇپ
قولىنى سۇندۇرۇۋەتكەنىدىم. مەن ئەمدى باقىئاخۇندەك ئاـ
جىز، ياۋاشلارنى بوزەك ئەتمەيمەن. مېنى زالىم دېگەن سۆزـ
نى ئىللا - بىللا ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا، شائىر، مەن ناماـ
قۇل، باقىئاخۇن، ساڭمۇ ناماقۇل، پۇلۇڭنى ھازىرلا بېـ
رەي، — كېرەم سەپرا شۇنداق دەپ باقىئاخۇندىن ئەپۇ
سورىدى.

* *

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ
كوچىغا چىقتى. بىر دوقمۇشتا ئون - ئون بىر ياشلاردىكى
بىر تىلەمچى بالا ئولتۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «تازا مەكـ
تەپتە ئوقۇيدىغان ۋاقتى ئىكەن بۇ بالىنىڭ» دەپ ئېچىنىپ
يانچۇقىدىن بىر كۈمۈش تەڭگىنى چىقىرىپ تىلەمچى بالىغا

(1) گەز ئېيتىش — ۋەز ئېيتىش. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پات - پات جامائەت سورۇنلىـ
رىدا ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلەيتتى.

بەردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كوچا ئارىلاپ كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتقۇچە ئون تىلەمچىگە ئۇچراپ ھەممىسىگە سەدىقە بەردى. ئۇ ئۆيىگە ئەمدىلا يېقىنلىشىپ كوچا دوقمۇشىدىن ئۆتۈشىگە قىرىق ياشلاردىن ئاشقان بىر تىلەمچى «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئېچىنغان ھالدا يانچۇقىغا قول سېلىۋېدى، قولياغلىقىدىن بۆلەك نەرسە چىقمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قولىنى بىر سىلكىدى ـ دە، ئۇچىسىدىكى يېڭى كىيگەن قارا سارجا كاستۇمنى سېلىپ تىلەمچىگە:

— باشقا نەرسەم يوقكەن، كىيىۋېلىڭ، — دەپ تۇتقۇزۇپ قويدى.

# «قالمىدى»

1930 ـ يىل كۈزدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چوڭ دادىسى مىجىت ھاجى ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۇ زامانلاردا قاتناش، ئالاقە ئىشلىرى قالاق بولغاچقا, ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئاتلىق شۇنچىلا تېز ماڭغان بولسىمۇ، تۇرپانغا ئارانلا يەتتە نەزىرسىگە ئۇلگۈرۈپ كېلەلىدى. شائىر بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ ھازا ئاچتى. ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ تۇيۇقسىز بولغان ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدى. پەقەت دوست ـ بۇرادەرلىرى بىرى توختىسا بىرى، كەينى ـ كەينىدىن ئۇنى سەۋر قىلىشقا سايە قىلىشقاندىن كېيىنلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، چوڭ دادىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمىقۇرئان قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى ۋە ياخشى كۆرەتتى. ئۇ چوڭقۇر قايغۇلۇق ھېسسىياتى بىلەن خەتمىقۇرئان قىلىشنى تۈگىتىپ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە تۇپراق بېشىغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئايۇپ ھارۋىكەش بىردەمدىلا پوۋىسكىغا ئاتنى قوشۇپ تەييار قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ جامائەت بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شېھىتلىك دەپ ئاتىلىدىغان قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئېلىشتى.

جامائەت شېھىتلىككە يېتىپ كېلىشتى.
ئابلىمىت قازى ئاخۇنۇم باشلىق تۇرپاننىڭ قازى، ئەلەم ئاخۇنۇم، داموللا - ئۆلىمالىرى مۇسىبەت ئىلكىدە كۆڭلى ئېزىلىپ ئۇنسىز يىغلاپ كېتىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ مىجىت ھاجى مەقبەرىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قارا ساقاللىق ياش قارىينىڭ يېنىغا ئولتۇردى.
قارىينىڭ جەزبىلىك ئاھاڭدا سوزۇپ ئېيتقان بىسمىللا-سى بىلەن سۈرە «تەبارەك» باشلانغاندا قەبرىستانلىقتىكى گەپ - سۆز، شىۋىرلاشلار «چىپپىدە» توختاپ، ئەتراپ ئاجايىپ سۈرلۈك تۇسكە كىردى. ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار قاتارىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ قارىيغا ئەگىشىپ ئىچىدە ئايەت ئوقۇيتتى.
دۇئادىن كېيىن جامائەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن شە-ھەرگە قايتتى.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جامائەتنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ داستىخان سالدى. جامائەت داستىخاندىن قوپۇشقاندا شائىر جامائەتكە سەل تەخىر قىلىپ توختاپ تۇرۇشنى ئۆزرىخاھلىق بىلەن تەلەپ قىلدى. جامائەت ھويلىغا چىقىپ توختىدى. شائىر ھويلىغا — جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ دېدى:
— ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي، رەھمەتلىك چوڭ دادامنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇرۇمچىدىن دەرھال يولغا چىققان بولساممۇ، مەرھۇمنىڭ نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمە-دىم. يولدا كېلىۋېتىپ بىر مەرسىيە يازغانىدىم، ھەرقايسى-لىرىغا ئوقۇپ بېرەي.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چوڭ دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ ۋاپا-

تىغا بېغىشلىغان «قالمىدى» ماۋزۇلۇق مەرسىيىسىنى تەسىرلىك ئاھاڭدا ئۇنلۇك ئوقۇشقا باشلىدى. مەرسىيە ئوقۇلۇپ:

ئەي تەبىئەت ئادىتىڭدىن تاشقىرى قىلدىڭ زۇلۇم،
بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن تەندە مادارىم قالمىدى.

دېگەن مىسرالارغا كەلگەندە بېشىغا يوغان سەللە ئوراپ، ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيگەن، سېمىز، بويى پاكار، ساقاللىق بىر موللا قوپال ۋارقىرىدى:

— ئىي ئابدۇخالىق، بولدى بەس! ئەجەل مۇتلەق. خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟! ھىم قارا بۇنى، «ئەي تەبىئەت ئادىتىڭدىن تاشقىرى قىلدىڭ زۇلۇم — بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟ بەندىگە ئەجەلنى خۇدا سالغان تۇرسا؟ سېنىڭزە شائىر دېسەك مۇشۇنداق نەزمىنى ئوقۇساڭ بولامدۇ؟ سەن خۇداغا ئىشەنمەمسەن؟

ھويلىنىڭ ئىچى بىر پەس جىمجىتلىققا چۆكتى. تىمتاسلىقنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەمكىنلىك بىلەن كەسكىن ئېيتقان سۆزلىرى بۇزدى:

— مەنمۇ خۇداغا ئىشىنىمەن. مەن ئىشىنىدىغان خۇدا يەككە - يېگانە، ھېچبىر شېرىكى يوق، ھېچنېمىگە ھاجىتى يوق خۇدا. مېنىڭ بۇ خۇدايىم ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلاردىن پۇل، دۇنيا شىلىۋالىدىغان، نام - ئاتاق، ئابرۇي تېپىشتا، ئەمەلگە ئېرىشىشتە ھەرقانداق پەسكەشلىك قىلىشتىن يانمايدىغان، دىلىدا ھەسەت، رىياكارلىك، پادشاھلىق قىلىدىغان سىلەردەك بەندىلەرنى خالىمايدۇ. مۇنداق كىشى-

لەرنىڭ قۇللۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مەن مۇشۇنداق خۇداغا ئىمان كەلتۈرىمەن، قانداق؟!

بۇ ئۆتكۈر سۆزلەردىن پەتەك موللامنىڭ بايىقى ھەيۋىسى بىردىنلا يوقىلىپ شۈمشىيىپ قالدى. جامائەت تەۋرەپ كېتىشتى. شائىرنىڭ دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنى مەرسىيىنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا ئۈندىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆكتە قوپۇقان پەتەك موللىغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن بىر قارىۋېتىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

نەزىرىگە ئۇلگۇرۇپ كەلدۇق ئەلەملەر ئىچىدە،
قەبرىنى كۆرگەن زامان جاننى قويار يەر قالمىدى.
......

# نەپسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا توغرا كەلسە ...

مەمتىلى تۆگچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن زاماندىش ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ زاماندا تۇرپان ناھىيىسى ئامبىلىنىڭ باش تۆگچىسى بولۇپ، يېگىشەھەردە ئولتۇراتتى. ئۇ گەرچە بىر تەرجىمان بولسىمۇ ئۆزىنى چوڭ ئەمەلداردەك تۇتاتتى. ئۇ يېگىشەھەردىكى ئۆيىدىن ھەر كۈنى قاق سەھەردە كونىشە-ھەرگە كېلىپ قىشۇ ياز، مەيلى ئىسسىق، مەيلى سوغۇق كۈنلىرى بولسۇن ئېرىنمەي ياملۇل مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئامبالغا ئەرزىيەت ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈپ سەرسان بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى پۇقراغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ ھالىغا يېتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرزىيەت ئېيتقۇچىلاردىن «بىرەر نېمە ئۇندۇرۇۋېلىش»، پارا يېيىش ئۈچۈن ئىدى. پۇقرالار مەمتىلى تۆگچىدىن بەك قورقاتتى. ئامبالغا ئەرزد-يەتكە كىرگەن ھەرقانداق ئادەم مەمتىلى تۆگچىغا ئۇچرىماي قالمايتتى. سەن ئۇنىڭغا ئۇچرىدىڭمۇ بولدى، ئۇنىڭ تاقىلا-داپ تۇرغان تويماس نەپسى قانائەت تاپقۇچە پارا بەرمىسەڭ، ئۇنى رازى قىلمىساڭ، سىنىڭ ئەرزىڭ ئەسلىدە ئوڭ بولسى-مۇ، ئامبالنىڭ ئالدىغا بارغاندا تەتۈر بولۇپ چىقاتتى. ئام-بالمۇ مەمتىلى تۆگچىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا تۇرپاندا «سوراق-چىدىن تۆگچىسى يامان» دېگەن گەپ تارقالغانىدى.

مەمتىلى تۆگچى ئۆز «ھۆنىرى» نى ئىشقا سېلىپ تۇر-
پان يۇقرالىرىنى كۆپلەپ قاقتى - سوقتى قىلىپ نۇرغۇن
پارا يەپ توپلىغان بايلىقىنىڭ بەدىلىگە مەككە - مۇكەررەمگە
بېرىپ «ھاجى» بولۇپمۇ كەلگەنىدى.

مەمتىلى تۆگچىنىڭ قاقتى - سوقتى قىلىشىغا ئۇچرى-
غان نامرات دېھقانلار يىغلاپ - قاقشاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا
دەرد - مۇڭىنى ئېيتاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پارىخور،
نەپسى بالا مەمتىلى تۆگچىدىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. شۇڭا
تۇرپان ئامبىلى ئۇنى تۆگچى بولۇشقا كۆپ قېتىم تەكلىپ
قىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەمتىلى تۆگچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈ-
رۈپ يامۇلغا تۆگچى بولۇشنى رەت قىلغانىدى.

مەمتىلى تۆگچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى يامان كۆرەتتى.
چۈنكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئامبالغا ئەرزى بار يۇقرالارنىڭ
ئەرز نامىنى بىر داچەن ھەق ئالماي خالىس يېزىپ بېرەتتى.
مەمتىلى تۆگچى بولسا بۇنى «مېنىڭ قاچامدىكى ئاشقا توپا
سەپكەنلىك» دەپ بىلەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ ئىشىغا
چىدىيالمىغان مەمتىلى تۆگچى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ
چىشىنى غۇچۇرلىتىپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى، ئۇرۇمچىدىن تۇرپانغا بىر باي سودىگەر
كەلدى. ئۇ كەچقۇرۇن مەمتىلى تۆگچى بىلەن بازارغا چى-
قىپ، بىر ئاشپۇزۇل ئالدىدا بىر قانچە دوستلىرى بىلەن
پاراڭلىشىپ تۇرغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆرۈپ قالدى.
ئۇ مەمتىلى تۆگچىنى ئالدىراتتى.

— تۆگچى بېگىم، تېزرەك ماڭساقچۇ، ئەنە ئاۋۇ بىر
توپ بايۋەچچى يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
تۇرۇپتۇ. تۇرپانغا كېلىپ شائىر بىلەن كۆرۈشمىسەك تۇر-

پانغا كەلگەننىڭ خاسىيىتى بولامدۇ؟

مەمتىلى تۆڭچى مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىدا تۇرغانلارغا قاراپ قويۇپ ئامالسىز سودىگەرنىڭ كەينىدىن پالاقشىپ ماڭدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بۇ سودىگەر ئالدىنقى يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. كۆرۈشمىگىلى بىرەر يىلغا يېقىن بولۇپ قالغان ئىككى دوست قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتى. سودىگەر سالام - سائەتتىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن سورىدى:

— لو جاڭجۇڭ[1] ئۆلۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈرۈمچىدىن كېتىپ قالدىلا. مانا ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتۈپتۇ. ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە چىقايمۇ دېمەيلا ياكى تۇرپان يامۇلىدا بىرەر ئەمەل تۇتتىلامۇ، شائىر؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئېغىز ئاچاي دېيىشىگە، مەمتىلى تۆڭچى ئارىغا چۈشۈپ سۆز قىستۇردى:

— ھازىر ئابدۇخالىق ئىنىمىز بەك ئالدىراش، قاتىلاڭچىلىقتا قالدى. ئۇنىڭ تۇتقان ئەمىلىمۇ كىچىك ئەمەس جۇمۇ.

ئۈرۈمچىلىك سودىگەر قىزىقىپ، بىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا، بىر مەمتىلى تۆڭچىگە قاراپ قالدى. مەمتىلى تۆڭچى زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— بۇرادەر، ئابدۇخالىقنىڭ ئەمىلىگە قىزىقىپ قالدىلاغۇ دەيمەن. ئۇنىڭ ئەمىلى كاتتا، ھازىر تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار، يالاڭتۆش گادايلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ ئىنىمنى ھازىر شۇلارنىڭ

---

(1) لو جاڭجۇڭ — قېرى جاڭجۇن، يەنى ياڭ زېڭشىن.

سەردارى بولۇپ قالدى دېسەكمۇ بولىدۇ.

ئۇرۇمچىلىك سودىگەر دەرھال ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئاقۇچ يۈزىنىڭ قىزىرىپ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، مەمتىلى تۇخچىنىڭ يامان غەرەزلىك گېپىنىڭ تەكتىگە يېتىپ ئىككى ئوتتۇرىدا تەڭلىكتە قالدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەمتىلى تۇخچىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويۇپ:

— كۆن بويى يامۇل مەھكىمىسىنىڭ ئەتراپىنى چۆگىلەپ «نەدىن تاپ كېلەركىن» دەپ نەپسى ئاۋارىچىلىكى بىلەن يۈرگەندىن كۆرە، يۇقىرىلارنىڭ سەردارى بولغانمۇ تۇزۇكمۇ، — دېۋىدى، شائىرنىڭ دوستلىرى كۈلۈپ كېتىشتى.

ھېسامىدىن زۇپەر:

— دۇرۇس، مانا بۇ گەپ جايىدا بولدى، — دېۋىدى، مەمتىلى تۇخچى ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ ئاچچىقى بىلەن:

— ھە، ئۆزلىرىنىڭ نەپسلىرى يوقمۇ؟ دۇنيادا نەپسى يوق ئادەم بولامدۇ؟ «ئەۋلىيا بار، نەپسى بار»، بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسا «نەپسى بالا، نەپسى بالا» دەيدۇ. بالا نەپسىنىڭ زادى قانچىلىكلىكىنى ئۆزلىرىدەكلەر بىلمىسە خۇدايىم، — دەپ ئۆكۈپ كەتتى.

— نەپسى يامانلارنىڭ نەپسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەك قىيىن ئەمەس، ئەگەر بالا نەپسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىشقا توغرا كەلسە، مۇشۇ مەمتىلى تۇخچى بېگىمنىڭ سۈرىتىنى سىزسىلا كۇپايە قىلىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ گېپىدىن ئاشپۇزۇلنىڭ ئال-

دىدا تۇرۇشقان ئادەملەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ ئاچچىق مەسخىرىسىگە جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالغان مەمتىلى تۇڭچى ئاچچىقىغا چىدى- ماي يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ ئاچچىقىدا ھاسىرىغان پېتى بىللە كەلگەن ئۈرۈمچىلىك سودىگەرنىمۇ ئۇنتۇپ ئۆزى يالغۇز پايپاسلاپ مېڭىپ كەتتى.

# جەڭگىۋار مارش — «ئاچىل»

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە تۇرپاننىڭ شەھەر-يېزىلىرىنى ئارىلاپ، جەمئىيەت تەكشۈرۈپ، تۇرمۇش ئۆگىنىپ جەمئىيەتنى چوڭقۇر كۆزەتتى. ئۇ شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمران گورۇھلارغا، زۇلۇم - ئاسارەتكە قارشى غەزەپ - نەپرىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ھازىرچە تېخى ئويغىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەشكە ئاتلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىگەنىدى. ئۇ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىپ، زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، زۇلۇمغا قارشى كۆرەشكە قوزغاش ئۈچۈن بىر جەڭگىۋار ناخشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شائىر قولىغا قەلەم ئېلىپ تەپەككۇر دېڭىزىدىن دۇردانىلەر سۈزۈپ تۇرپان خەلق ناخشىسى «گۈل ئاچىل» غا بەش كۇپلېتلىك يېڭى بىر ناخشا تېكىستىنى يازدى. ئۇ بۇ تېكىستقا «ئاچىل» دەپ ماۋزۇ قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئاچىل» نى يېزىپ چىققاندىن كېيىن باغرى يېزىسىغا بېرىپ داڭلىق سازەندە قۇربان تەمبۇرنى ئىزدەپ تاپتى. قۇربان تەمبۇر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇ شائىر بۇرۇن يازغان «قىزىلگۈل» ، «قايدىسەن» ، «ئىشقىدا پەرياد» شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. قۇربان تەمبۇر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

قۇربان تەمبۇرگە ئۆزى يازغان «ئاچىل» شېئىرىنى بەردى. قۇربان تەمبۇر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان شېئىرنى تەمبۇر بىلەن تەڭكەش قىلىپ تۇرپان خەلق ناخشىسى «گۇل ئاچىل» نىڭ ئاھاڭىغا سېلىپ ئېيتتى. ناخشا تېكىست ئاھاڭىغا ئوب-دانلا چۈشتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قۇربان تەمبۇرنى ئېلىپ ئالدىنقى يىلى ئېچىلغان تۇرپان كونىشەھەر جەنۇبىي قوۋۇقتىكى ھۆرىيەت مەكتىپىگە باردى. ئۇ لېتىپ ئەپەندى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، قۇربان تەمبۇر ئوقۇغۇچىلارغا «ئاچىل» ناخشىسىنى ئۆگىتىشكە باشلىدى.

لېتىپ ئەپەندىنىڭ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى شۇ كۈنىلا «ئاچىل» ناخشىسىنى ئېيتىشنى ئۆگىنىۋالدى. ئىك-كىنچى كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قۇربان تەمبۇرنى يېڭىشە-ھەردىكى ئاقارتىش مەكتىپىگە ئېلىپ باردى. قۇربان تەمبۇر «ئاچىل» ناخشىسىنى بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ بىر كۈندىلا ئۆگىتىپ بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي «ئاچىل» ناخشىسىنى چوڭ - كى-چىك، ياش - قېرىلارغىچە ھەممە ئادەم ئېيتىدىغان بولۇپ تۇرپان خەلقى ئىچىگە كەڭ تارقالدى.

1931 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قومۇل دېھقانلىرى-نىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوزغىلىڭى پارتلى-دى. «ئاچىل» ناخشىسى تۇرپان ئويمانلىقىدىن ھالقىپ قۇ-مۇلغا يېتىپ بېرىپ قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ سۆيۈپ ئو-قۇيدىغان جەڭگىۋار ناخشىسىغا ئايلاندى.

1931 - يىل كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بازار ئايلانماقچى بولۇپ

غەربىي قوۋۇقنىڭ سىرتىدىكى كالتە بازارغا باردى. ئۇ بىر باققالنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا يامۇلنىڭ ئىككى يايىسىنىڭ بىر دېھقاننى تۇتۇپ باغلاۋاتقاننىڭ ئۇستىگە چۈشتى.

دېھقان داد - پەرياد سېلىپ ۋارقىرايتتى:

— مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ناخشا ئېيتقانغا ئادەم تۇتىدىغان قانداق زامان بولۇپ كەتتى زادى؟ — دېھقان تولغىنىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋېدى، يايىلاردىن بىرى قولىدىكى قامچا بىلەن دېھقاننىڭ باش - كۆزىگە ئۇرۇپ قاپىقىنى يېرىۋەتتى. شۇ ئەسنادا يەنە بىر يايى[1] دېھقاننىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىۋالدى.

بۇ زوراۋانلىقتىن غەزەپلەنگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى يايىغا قاراپ:

— توختاڭلار! بۇ ئادەمنى زادى نېمە گۇناھى ئۈچۈن تۇتتۇڭلار؟ — دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا. يايىلار توختاپ قالدى. ئېگىز بويلۇق بىر يايى:

— ئامبال جانابلىرىنىڭ «〈ئاچىل〉 ناخشىسى پۇقرانى ئەليانغا قۇترىتىدىغان خەتەرلىك ناخشا، كىمدەكىم بۇ ناخشىنى ئېيتسا، دەرھال تۇتۇلۇپ ئۈچ ئايلىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ» دېگەن يارلىقى بار. بۇ ئادەم تەپ تارتماستىن چەكلەنگەن «ئاچىل» ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ. شۇڭا بۇنى تۇتۇپ يامۇلغا تاپشۇرىمىز، — دېدى.

— بۇ دېھقان گۇناھسىز، ئۇنى باغلاقتىن يېشىپ قويۇۋېتىڭلار، تۇتۇشقا توغرا كەلسە مانا مېنى تۇتۇڭلار، ئاچىل ناخشىسىنىڭ تېكىستىنى مانا مەن يازغان، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

---

[1] يايى — يامۇلنىڭ ئادەم تۇتىدىغان ساقچىلىرى.

— جانابىي شائىرنى تۇتۇش ھەددىمىزمۇ، بىراق بىز-نىڭمۇ ئۇششاق بالىلىرىمىز بار، جان باقمىساق بولامدۇ؟ — دېدى يايىلارنىڭ ئىككىنچىسى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يانچۇقىدىن ئون سەرلىك پۇلنى چىقىرىپ يايىلارغا بېرىپ:
— ئىككىنچى بۇنداق يولسىزلىق قىلماڭلار، — دېدى. يايىلار دېھقاننى قويۇۋېتىپ تىكىۋېتىشتى.

# ئەڭ مۇھىم ئىش

1932 - يىل 8 - ئاينىڭ بېشىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈرۈمچىگە باردى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئۇچتاش (سەندۇڭبېي) تا ئولتۇرۇشلۇق ئاغىنىسى جامال مۇتىئىينىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ يەردە ئۇستازى ئەلى ئىبراھىموف ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ ئۇچرىشىش ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تولىمۇ خۇرسەن قىلدى.

— مەسلىھەتلىشىدىغان بىر مۇھىم ئىش بار ئىدى، — دېدى ئۇ.

ئەلى ئىبراھىموف قىزىقىپ سورىدى:

— نېمە ئىش؟

— قۇمۇلدىن يېقىندا بىر بۇرادىرىمىز خەۋەر ئەكەپتۇ. يېقىنقى جەڭدە قوزغىلاڭچى ئەزىمەتلەر دۈشمەندىن بىرنەچچە پىلىموت ئولجا ئاپتۇ. بىراق ئۇنى جايىدا ئاتالايدىغانلار يوق ئىكەن. مۇمكىن بولسا پىلىموتنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئىشەنچلىك بىر ئادەمنى قۇمۇلغا خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوشۇنىغا ئەۋەتسەك دەيمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلى ئىبراھىموف ئەپەندى بىر پەس ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئالدىدىكى پىيالىگە چاي قۇيۇۋاتقان سەككىز ياشلاردىكى ئىبراھىم مۇتىئىيگە قاراپ قويۇۋېدى، جامال مۇتىئىي ئۇكىسىنىڭ قولىدىكى چەينەكنى ئېلىپ ئۇنى سىرتقا ئىشقا بۇيرۇپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى.

— بىر ئادەم بار، ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، — دېدى ئەلى ئەپەندى.

— ئۇ كىم؟ — قىزىقىپ سورىدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— سىز ئۇ كىشىنى تونۇيسىز. ھېلىقى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مېخانىكى قەييۇم ئابدۇساتتار ئادىتاروف. ئۇ ھازىر كونسۇلخانىدا ئىشلىمەيدۇ، — دېدى ئەلى ئەپەندى.

— ئادىتاروف جىگەرلىك ئادەمدەك تۇراتتى، ئۇناپ قالسا ئىشنىڭ ئەپلەشكىنى شۇ - دە، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

ئەلى ئەپەندى: «ئەتە ئەتىگەنلىككە ئادىتاروفنى باشلاپ كېلەي» دېدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئەلى ئىبراھىموف ئېگىز بويلۇق، تەمبەل كەلگەن ئادىتاروفنى باشلاپ جامال مۇتىئىينىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئادىتاروف بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن مەقسەتنى ئوچۇق ئېيتتى. ئادىتاروف ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلىدى.

— مەن سىلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىڭلارنى قوللايمەن. بىراق، ئۆيۈمدە مەلىكە خانىم بىلەن ئۈچ بالام بار. مەن كەتسەم، ئۇلار قانداق قىلار؟ — دېدى ئادىتاروف ئولتۇرغانلارغا قاراپ.

— سىز ئائىلىڭىزدىن ۋايىم يېمەڭ، مەلىكە خانىمغا يېتەرلىك تۇرمۇش خىراجىتىنى ھەر ئايدا مەن بېرىپ تۇرىمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىشەنچلىك بىلەن.

بۇ كاپالەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئادىتاروپ قۇمۇلغا بېرىشقا ماقۇل بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ ئائىلىسى-

نى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن يۈز سەر كۈمۈش تەڭگە بەردى.

ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتتى. ئادىتاروف تەييارلىقنى پۈتتۈردى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خوجانىياز ھاجىغا يوللىغان يالقۇنلۇق مەكتۇپىنى ئېلىپ جىن شۇرېننىڭ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن شېڭ شىسەي قىسىملىرىغا ئوزۇق - تۈلۈك توشۇغۇچى ھارۋىكەشلەر سىياقىدا ياسىنىپ قۇمۇلغا يۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىر ئايدىن كېيىن قۇمۇلغا يېتىپ بېرىپ تاغقا چىقىپ قوزغىلاڭچىلارنى تاپتى. ئۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەكتۇپىنى خوجانىياز ھاجىغا تاپشۇردى. خوجانىياز ھاجى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تورپان خەلقى نامىدىن قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىڭىنى قىزغىن قوللاپ، كۈچلۈك مەدەت بېرىپ يازغان ئىلھامبەخش مەكتۇپىنى ئوقۇپ ئۆزىنى كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئادىتاروف خوجانىياز ھاجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇنغا پىلىموت، مىلتىقلارنى رېمونت قىلىش، ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ، جەڭدە مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

# خەلقنىڭ تۇنجى قوراللىق قوشۇنى

1932 - يىل 10 - ئاي كىرىشى بىلەنلا تۇرپاننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا «قۇمۇلدىن خوجانىياز ھاجىم قوشۇن باشلاپ تۇرپانغا كەلگۈدەك» دېگەن گەپ - سۆزلەر تارقالدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن مەخسۇت مۇھىتى مەسلىھەتلىشىپ «قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى تېزلىتىش كېرەك» دەپ ھېسابلىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھېسامىدىن زۇپەر بىلەن بىللە تۇرپاننىڭ يېزىلىرىغا پاختا، قۇرۇق ئۈزۈم سېتىۋېلىشقا بارغان بولۇپ يوشۇرۇنچە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەڭ غەلىبىلىرىنى دېھقانلارغا تەشۋىق قىلدى. ئۇلارنى زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان يېزىلىرىدا دېھقانلار ئورغاق، پالتا، تاياق - توقماق قاتارلىق قوراللارنى راسلاپ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى. تۇرپان يېزىلىرى خۇددى بىر ئۇچقۇن چاچراپ تېگىپ كەتسىلا لاۋۇلداپ يېنىپ يانغىنغا ئايلىنىدىغان ھالغا كەلدى.

11 - ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېسامىدىن زۇپەر «ئەمدى شەھەر ئىچىدە خەلق ئاممىسىنى قوزغاشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى» دەپ دوستلىرىنى چاقىردى. ئۇلار قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ

ۋەزىيە تەقسىم قىلىنۋېلىپ جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.
لېتىپ ئەپەندى، ئەنەيتۇللا ئەپەندى، ئابدۇراخمان قارىيلار بىرلىكتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان»، «ئاچىل» قاتارلىق شېئىرلىرىنى بىرقانچە نۇسخىدىن چوڭ خەتلىك قىلىپ كۆپەيتىپ يېزىپ چىقتى. ئۇلار يازغانلىرىنى يېڭىشەھەر ۋە كونىشەھەرنىڭ ئادەم كۆپ توپلىنىدىغان تۆت كوچا ئېغىزلىرى، چوڭ دۇكانلار، مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ ئالدىلىرىغا چاپلىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر بىر-بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈپ، تامغا چاپلانغان شېئىرلارنى ئوقۇپ غۇلغۇلا قىلىشىپ «قاچانغىچە ئۇخلاپ ياتىمىز، ئەمدى قوزغالمىساق، قاچان قوزغىلىمىز» دېيىشەتتى.
تۇرپاندا ھەر جۇمە كۈنى بازار بولاتتى. شۇ كۈنى يىراق يېزىلاردىنمۇ دېھقانلار ئېشەكلىك، ھارۋىلىق، ئاتلىق ياكى پىيادە بازارغا كېلىشەتتى ـ دە، تۇرپان بازىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىناتتى. 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، جۇمە كۈنى ئىدى. جۇمە نامىزىدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭىشەھەر قازىخانا مەسچىتى ئالدىغا توپلانغان جامائەتكە نۇتۇق سۆزلىمەكچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان ئادەملەر «شائىر گەز ئېيتقۇدەك» دېيىشىپ تۇشمۇ تۇشتىن يىغىلىشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېسامىدىن زۇپەر بىر ئادەمنى جوزا ئەكېلىشكە بۇيرۇۋېدى، ئۇ ئادەم بىردەمدىلا بىر جوزىنى ئەكەلدى.
— جوزىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ سۆزلىسىلە، بۈگۈن ئادەم بەك كۆپ، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر.
بېشىغا گۈللۈك دوپپا، ئۇچىسىغا كۈزلۈك پەلتو كىيگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ چىرىك

سىياسىتىنى، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلى-
رىنى پاش قىلىپ، ئەمەلىي پاكىتلارنى قويۇپ ياڭراق ئاۋاز-
دا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ نۇتقى تۇگىشى بىلەنلا غەزەپ-
لەنگەن ئادەملەرنىڭ:
— زالىملارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېلى! — دېگەن
شوئار ساداسى يېڭىشەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.
11 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر تەشۋىقات ئۇنۇمىنىڭ يۇقىرى بولۇپ خەلق ئاممىسىغا
تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمدىلىكتە گەپ ئۇلارنى تەشكىل-
لەشتە قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار
ئالدى بىلەن يېڭىشەھەر ياشلىرىنى تەشكىللىمەكچى بولدى.
— ياشلارنى تەشكىللەشقۇ قىيىن ئەمەس، «ھايت!»
دەپ بىرلا چاقىرىق قىلساق نەچچە يۈز ئادەم ھازىر بولىدۇ،
بىراق ئۆزلە بىلەن مەندىكى مىلتىق ئارانلا ئون تالدەك
تۇرسا، قالغىنىنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ھېسامىدىن
زۇپەر. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن
بىردىنلا قەددىنى رۇسلىدى.
— ئامبال لىن دارېنىنىڭ ئالدىدا ئۆزلەنىڭ ئابرۇيلىرى
ناھايىتى يۇقىرى. بىز مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز لازىم.
ئۆزلە «يېڭىشەھەرنى قوزغىلاڭچىلاردىن قوغدايمىز» دەپ
يۈز تال مىلتىق ئارىيەت ئالسىلا، — دېدى ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر.
«يۈز تال مىلتىق ئارىيەت ئېلىش» نى ھېسامىدىن
زۇپەر شۇ كۈنىلا تۆمۈر جىسا ھاجىغا ئېيتىۋېدى، تۆمۈر
جىساھاجى:

— بەللى شائىرنىڭ ئەقلىنى، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش دېگەن شۇ - دە، يۇرسىلە شائىرنى ئېلىپ هازىرلا يامۇلغا ماڭىلى، — دېدى.
هېساممىدىن زۇپەر بىلەن تۆمۈر جىساهاجى دەرهال ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چاقىرىپ پوۋسكىغا ئولتۇرۇپ كونىشەھەرگە بېرىپ ئۇدۇل يامۇلغا كىردى. هېساممىدىن زۇپەر مەقسىتىنى لىن دارېنغا ئېيتتى. لىن دارېن:
— ئەگەر هېساممىدىنباي يېڭىشەهەرنى ئوغرىلاردىن قوغداش ئىرادىسىگە كەلگەن بولسا، بۇ ياخشى گەپ، يەتمىش تال مىلتىق ئارىيەت بېرەي، كىم كېپىل بولىدۇ؟ — دېدى.
— مانا بىز كېپىل، —دېدى تۆمۈر جىسا هاجى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.
هېساممىدىن زۇپەر يەتمىش تال مىلتىقنى تاپشۇرۇپ تىلخەت يېزىپ بەردى. تۆمۈر جىسا هاجى هۆكۈمەت ئەمەلدارى سۈپىتىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يۇرت مۆتىۋەرى سۈپىتىدە كېپىل بولۇپ ئىمزا قويۇپ بەردى.
هېساممىدىن زۇپەر لىن دارېندىن تاپشۇرۇۋالغان يەتمىش تال مىلتىقنى ئېلىپ هارۋا بىلەن يېڭىشەهەردىكى قورۇسىغا توشۇپ كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر هېساممىدىن زۇپەر بىلەن يېڭىشەهەردىكى باتۇر، ئوت يۈرەك ياشلاردىن «شەهەرنى قوغداش ليەنى» تەشكىللىدى. بۇ ليەندە بىر يۈز يىگىرمە ياش پىدائىي بولۇپ، ئۇنىڭغا هېساممىدىن زۇپەر باشلىق بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياش پىدائىيلارغا قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ دۈشمەنگە قارشى جەڭ غەلىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۈرەش رو-

ھىغا كۈچلۈك ئىلھام بەردى. ياش پىدائىيلار ھەركۈنى تاڭ سەھەردە «ئاچىل» ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، يېڭىشەھەر كو- چىلىرىنى زىلزىلىگە سېلىپ، شەھەر سىرتىغا چىقاتتى - دە، جەڭ مەشىقى ئېلىپ باراتتى.

12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەخسۇت مۇھىتى باشچىلى- قىدىكى تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قار- شى قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ تۇنجى پاي ئوقى غەلىبىلىك ئېتىلىپ ئاستانە، قاراغوجا يېزىلىرى ئازاد قىلىندى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھېساممىدىن زۇپەر ئاستانىگە بېرىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشۈپ يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلىشنى مۇزاكىرىلەشتى.

بىر نەچچە كۈنلۈك تەييارلىقتىن كېيىن، 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى مەخسۇت مۇھىتى باشلىغان قوزغىلاڭچىلار يېڭى- شەھەرگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ھېساممىدىن زۇپەرنىڭ «شەھەرنى قوغداش لېيەنى» ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ جەڭ قىلغاچقا، قوزغىلاڭچىلار تۆت سائەت ئىچى- دىلا دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئېلىپ يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلدى.

1933 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قوزغىلاڭچى قوشۇن كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى قاتتىق قورشاۋغا ئالدى. قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قوماندانلىق شتابىدا كاتىپ- لىق قىلىپ بىر ھەپتىگىچە ئۆيىگە قايتمىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كەچقۇرۇن ئۆيىدىكىلەر جىددىي چاقىرتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھويلىغا كىرىپلا، كونىشەھەرنى ئا- زاد قىلىش جېڭىدە تاغىسى ھەسەن ھاجىنىڭ قۇربان بولغان- لىقىنى بىلدى. ئۇ تاغىسى ھەسەن ھاجىنىڭ تاختاي ئۈستىگە

قويۇلغان قانغا بويالغان جەسەتنى كۆرۈپ قاتتىق قايغۇرۇپ هازا ئاچتى.

— رەھمەتلىك تاغام ياشانغان ئادەم بولغاچقا، ئۇنى يېڭىشەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قالدۇرغان. بىراق، ئۇ تۇنۇگۇن قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ «مېنى جەڭنىڭ ئەڭ شىددەتلىك يېرىگە ئەۋەتىڭلار» دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى، — دېدى. ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ هازىدار ئادەملەر ئارىسىدىن كىمنىدۇ ئىزلەيتتى.

— ئابدۇقەييۇم، بۇياققا كەل! — ئىنىسىنى چاقىردى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

— لەببەي، ئاكا، — ئابدۇقەييۇم ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— مەرھۇم ھەسەن ھاجى تاغىمىز خەلقىمىزنىڭ ھۆر-لۈك، ئازادلىقى ئۈچۈن مەردلەرچە شېھىت بولدى. تاغىمىز-نىڭ يىداكارلىق روھى بىزنى بۇ ئۇلۇغ جەڭگە چاقىرماقتا. ئۇكام ئابدۇقەييۇم، سەن مەرھۇم تاغىمىزنىڭ ئىزىنى بې-سىپ دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقاتمىغۇچە ھەرگىز سەپتىن قالما! — دېدى كەسكىن ھالدا.

— خوپ، ئاكا! — دېدى ئابدۇقەييۇم.

ئابدۇقەييۇم ئاكىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۇنغان مىل-تىقنى ئېلىپ جەڭگە ئاتلاندى.

# قۇملۇقتىكى گۇلخانلار

1933 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرى قوماندانلىق شتابىدا يىغىن ئېچىۋاتاتتى. ھۇ- سۇل مۇھىتى ئۇرۇمچىدىن تۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بەش يۈز كىشىلىك جازا قوشۇنى كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئەكەلدى. مەخسۇت مۇھىتى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ:

— پۇختا تەييارلىق، جەڭ غەلىبىسىنىڭ كاپالىتى، قېنى قانداق قىلىمىز، مەسلىھەتلىشەيلى، — دېدى. ھەر- كىم ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆز قارىشىنى ئېيتتى:

— بوۋىلارنىڭ «جەڭنىڭ توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار. ھازىر ھاۋا سوغۇق. بىز چېرىكلەرنى «ئوت قالاپ كۈتۈۋېلىش» ھىيلىسىنى قوللى- نىپ يوقىتىشىمىز كېرەك، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۇنداق دەپ ئۆزىنىڭ چارىسىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. باشقا رەھ- بەرلەر بۇنى ئاڭلاپ بۇ تاكتىكىغا بىردەك قوشۇلدى.

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تاڭغا يېقىن، جىن شۇرېن ئەۋەتكەن جازا قوشۇنى سول ۋە ئوڭ يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ تۇرپان شەھىرىگە يېقىنلاشتى. قوزغىلاڭچىلار چاجاڭ مەھەل- لىسىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇققا ئەللىك يەرگە ئوتۇن دۆۋىلەپ گۇلخان يېقىشقا تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. بېشىغا كەم-

چەت تۇماق، ئۇچىسىغا ئاق جۇۋا كىيىۋالغان، مەزمۇت كەلگەن تۆمۈر جىسا ھاجى ئۆزىنى ھۆكۈمەت ۋەكىلى دەپ چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا «ھال سوراپ» باردى.

— توڭلاپ كېتىپسىلەر، ئۇتسىنىڭلار، — تۆمۈر جىسا ھاجى چېرىكلەرنى قوزغىلاڭچىلار يېڭىلا ئوت يېقىۋەتكەن گۇلخانلار ئەتراپىغا باشلاپ باردى.

توڭلاپ غال - غال تىترەپ كەتكەن چېرىكلەر مۇرىسىدىكى مىلتىقلىرىنىمۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا گۇلخانلار ئەترا-پىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئوتقا قاقلىنىشقا باشلىدى. چېرىك-لەرگە ئازراق ئىسسىق ئۆتۈش بىلەنلا ئۇلارنى ئۇيقۇ بېسىپ باشلىرى ساڭگىلاپ مۈگدەشكە باشلىدى.

چېرىكلەر ئوتقا قاقلىنىپ تازا بىخۇدلاشقاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «يايىر!» دەپ بىر ۋارقىرىدى. بۇ قوزغىلاڭچىلار-نىڭ جەڭگە ئاتلىنىشى ئۈچۈن بېرىلگەن بۇيرۇق ئىدى. قۇم دۆڭلىرىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالغان قوزغىلاڭچىلار خۇددى يولۋاستەك ئېتىلىپ كېلىپ گۇلخان چۆرىسىدىكى چېرىك-لەرنى كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇپ، قىلىچلار بىلەن چېپىپ كۆپ قىسمىنى يوقاتتى.

بىر توپ چېرىكلەر قېچىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا چاجاڭ مەھەللىسىدە پىستىرمىدا تۇرغان مەخمۇت مۇھىتى قوماندا-لىقىدىكى قوزغىلاڭچىلاردەرھال جەڭگە چۈشۈپ قاچقان چې-رىكلەرنى قورشىۋېلىپ بىرىنىمۇ قاچۇرۇۋەتمەي تولۇق يو-قاتتى. بۇ قېتىمقى جەڭدە قوزغىلاڭچىلار نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ئات - ھارۋا، كىيىم - كېچەك ئولجا ئېلىپ زور غەلىبىگە ئېرىشتى.

بۇ چاغدا ئوڭ قول يۆنىلىش بويىچە ماڭغان دۈشمەنلەر

يېڭىشەھەرنىڭ ئىككى كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى شې-
ھىتلىك مەھەللىسىدە ھېسامىدىن زۇپەر قوماندانلىقىدىكى
قوزغىلاڭچىلارنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشى بىلەن كۆپ قىسمى
يوقىتىلدى. ھېسامىدىن زۇپەر قېچىۋاتقان دۈشمەنلەرنى
قوغلاپ يوقىتىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان چاغدا دۈشمەن
ئوقى تېگىپ قۇربان بولدى. بۇنى ئاڭلىغان قوزغىلاڭچىلار
قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغان دۈشمەنلەرنى ئارقىسىدىن قوغ-
لاپ يۈرۈپ بىرىنىمۇ قالدۇرماي يوقاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېقىن سەپدىشى ھېسامىدىن زۇپەر-
نىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇردى. ئۇ بۇ قېتىمقى جەڭنى تەس-
ۋىرلەپ مەشھۇر «مۇزلىدى» ناملىق داستان خاراكتېرلىك
شېئىرىنى يېزىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە
كۈچلۈك ئىلھام بەردى.

# ئوغۇل بالا ئەلنى تاشلاپ قاچمايدۇ

قوزغىلاڭچى قوشۇن پىچاننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىسا هاجى ئازلا كۈچ بىلەن تۇرپان شەھىرىنى قوغداش ئۈچۈن قالدى.

قوزغىلاڭچىلار پىچان شەھىرىنى قورشىۋېلىپ ئون ئىككى كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپمۇ شەھەرنى ئالالمىدى. ئون ئۈچىنچى كۈنى قۇمۇلدىن شېڭ شىسەي قوشۇنى يېتىپ كېلىپ قوزغىلاڭچىلارغا شىددەتلىك هۇجۇم قىلدى. دۈشمەن كۈچلۈك بولغاچقا قوزغىلاڭچىلار چېكىندى. ئۇكچۈندە بولغان جەڭدە مەشهۇر مەرىپەتپەرۋەر زات، تۇرپان دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەهبەرلىرىدىن مەخسۇت مۇهىتى ۋە هەمدۇللا داموللام قۇربان بولدى.

2 ـ ئاينىڭ بېشىدا شېڭ شىسەي قوشۇنى تۇرپانغا باستۇرۇپ كىردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىسا هاجى خەلقنى تەشكىللەپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. بىراق دۈشمەننىڭ ئەسكىرى كۆپ، قورallىرى خىل بولغاچقا شەھەرنى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ تۇرپان شەھىرى يەنە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالدى.

شېڭ شىسەي تۇرپاننى بېسىۋالدى. ئۇ شۇ كۈنىلا كونىشەھەردىكى يامۇل مەهكىمىسىدە قوماندانلىق شتابى قۇردى. ئۇ «قوزغىلاڭچىلارنى تۇتۇپ بەرگەن ياكى ئىسمىنى ئېيتىپ بەرگۈچىلەرگە چوڭ مۇكاپات بېرىدىغان» لىقىنى جاكارلى-

دى. بۇنى ئاڭلىغان روزى موللا جانلىنىپ كەتتى. ئۇ ئابدۇ-
خالىق ئۇيغۇر قاتارلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسلىق رەھ-
بەرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى يېزىپ چىقىپ كونىشەھەردىكى
شىڭ شىسەينىڭ قوماندانلىق شتابىغا پالاقلاپ كىردى. روزى
موللا دەرھال شىڭ شىسەينىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ ئۆزى
يېزىپ چىققان تىزىملىكنى شىڭ شىسەيگە تاپشۇردى. شىڭ
شىسەي خەنزۇچە يېزىلغان ئىسىملىكنى كۆرۈپ:

— بۇنى كىم يازدى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن يازدىم، جانابىي شىڭ زۇڭخۇي، — دېدى روزى
موللا ۋە ئۆزىنىڭ شۆتاڭنى پۈتتۈرگەنلىكىنى قوشۇپ قويـ-
دى.

— ياخشى، مۇشۇنداق مەلۇماتلارنى پات - پات يېزىپ
تۇر، — دېدى شىڭ شىسەي، — كېيىنچە ئەمەلگىنى ئۆس-
تۈرىمەن.

تۇرپاننى تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى. ئۇچ كۈن ئىچىدە
شىڭ شىسەي تۆت يۈز ئەللىكتىن ئوشۇق ئادەمنى قوزغىلاڭ-
چىلارنىڭ «غوللۇق ئادىمى» دەپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە
سولىۋەتتى. خائىن روزى موللىنىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن
شىڭ شىسەينىڭ چېرىكلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىنى
قامال قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ چاغدا كىتابخانىسىدا
تۆمۈر جىسا ھاجى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشنى
مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى.

چېرىكلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن تۆمۈر جىساھاجىنى
شىڭ شىسەينىڭ قوماندانلىق شتابىغا ئەكىردى. قۇۋ تۈلكە
شىڭ شىسەي ئۆزى پەردە كەينىدە تۇرۇپ مۇئاۋىن قوماندانى
ياڭغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى قاتتىق سوراق قىلغۇزدى. ئۇ

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى بىخۇدلاشتۇرماقچى بولۇپ، ئۆزى بۇ سوراقنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مۇئاۋىن قوماندان ياڭنى ئەيىبلەپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قويۇۋەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شىڭ شىسەينىڭ شتابىدىن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنى ئۆيىدە چوڭ ئانىسى ئەرەمسىما خېنىم، ئايخان قۇشناچ، ئاپىسى نىيازخان قاتار-لىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئەرلەر جەڭگە كەتكەچكە ئۆيدە پەقەت ئاياللار ۋە بالىلارلا قالغانىدى (بۇ چاغدا ئابدۇراخمان مەخسۇم قۇمۇلدا ئىدى).

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆيىگە كىرىشى بىلەن ھەممىسىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يىغلاشقان پېتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر-نى ئورىۋېلىشتى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزۇشمىسىلا، مانا مەن ساق - سالا-مەت كەلدىمغۇ، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى چوڭ ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ.

خىزمەتكار ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئامراق تاماق — چۆچۈرە ئەكىردى.

— ئۆزلە ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ غىزالىرىنى يېۋال-سىلا، — دېيىشىپ ئۆيدە ئولتۇرۇشقانلار چىقىپ كېتىش-تى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گەردىن چىنىدىكى چۆچۈرىنى ئىش-تىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چۆچۈرىنى يەپ بولۇشىغىلا ئۆيگە ئەرەمسىما خېنىم بىلەن ئايخان قۇشناچ كىردى. ئۇ ئىككى-سى تەڭلا:

— بىز بەك ئەندىشىدە قالدۇق، بالام، ئۆزلە ھازىرلا

شەھەردىن چىقىپ، دۈشمەن بارالمايدىغان يىراق يەرگە كەت-
سىلە، — دەپ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كې-
يىن ئۆيگە نىيازخان كىردى.
— ئابدۇخالىق، ئۇلار ئۆزلەنى ساقلاپ دەرۋازا ئالدىدا
تۇرۇپتۇ. تېز بولسىلا، — دېدى نىيازخان. ئۇلار سالا -
سۇلھ قىلىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى دەرۋازا ئالدىغا ئاچىقتى.
دەرۋازا ئالدىدا ئۇنى ئىمىن ھاجى، ئابدۇراخمان قارىي بىلەن
خۇيزۇ ساۋاقدىشى سۇڭ شياۋلار ئاتلىق كۈتۈپ تۇراتتى.
— ئابدۇخالىق، ئۆزلەمۇ كۆردىلە، دۈشمەننىڭ پەيلى
بەك يامان، ئۇ قانخورلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالا كېلى-
دۇ. تېز بولسىلا، ئاتقا مىنسىلە، ھازىرلا شەھەردىن چىقىپ
كەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى كەسكىن ھالدا ئابدۇخالىقنى
ئالدىرىتىپ ئابدۇراخمان قارىي.
ئەرەمسىما خېنىم ھويلا ئىچىگە قاراپ:
— ئايىت، ئاتنى ئەكەل! — دەپ توۋلىدى. ئايىت ئات
باقار ئېگەر - توقۇملۇق قاراگىر ئاتنى يېتىلەپ دەرۋازا
ئالدىغا چىقتى.
— قېنى تېز بولسىلا، ئابدۇخالىق، ئاتقا مىنسىلە،
بالام، — دېدى ئايخان قۇشناچ.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئايىتنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنى-
نى ئېلىپ تۇرۇپ قالدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭدا
ئىدى.
— ھەرقايسىلىرىغا كۆپ رەھمەت، مەن ھازىرلا ئاتقا
مىنسەم بىردەمدىلا شەھەردىن چىقىپ كېتىمەن. بىراق،
ئىككى قولى ئەزىز قېرىنداشلىرىمنىڭ قېنى بىلەن بويالغان
ياۋۇز جاللاتلار شەھىرىمىزنى بېسىۋالغان تۇرسا، مەن دۈش-

مەنگە تاقابىل تۇرماي، شەھەرنى تاشلاپ كەتسەم قەھرىمان
ئەجدادلىرىمىزغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟ رەھمەتلىك مەخ-
سۇت ئاكام، قەدىردان بۇرادىرىم ھېسامىدىن، ئۇستاز ھەم-
دۇللا داموللام ۋە نۇرغۇن شېھىتلەرنىڭ روھى ماڭا لەنەت
ئوقۇمامدۇ؟ ياق، مەن ئۇنداق لەنەتگەردى قاچاق بولمايمەن.
بۇ قوزغىلاڭنى بىز قوزغىغان تۇرساق، مەن كەتسەم دۇشمەن-
لەر بىگۇناھ خەلقنى قىرمامدۇ؟ خەلق مېنىڭ ئۈچۈن ئازاب
چەكمەمدۇ؟ مەن ھەرگىزمۇ قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلماي-
مەن. بېشىغا كۈن چۈشكەن خەلقنى تاشلاپ قاچقان ئەرنى
ھەقىقىي ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن،
ئۆلسەممۇ ئەل - يۇرتۇم بىلەن بىللە بولىمەن، - دېدى — دە،
ئۆزى ئۈچۈن يىغا - زار قىلىشىۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ
ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.

# سۆڭەك ئىچىدىن چىققان شېئىر

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرى، شېڭ شىسەي ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تاڭ سەھەردە نىيازخان تاماق ئېلىپ كونىشەھەردىكى يامۇل تۈرمىسىگە ئوغلى ئابدۇخالىقنى يوق-لاپ باردى. نىيازخان تۈرمە ئىشىكىگە بارغاندا ئۇنى توسۇپ كىرگۈزمىدى. ئۇ ئويلاپ تۇرمايلا يانچۇقىدىن بىر سەر تەڭ-گىنى چىقىرىپ ئىشىك قاراۋۇلىغا بېرىۋېدى، نىيازخاننى كىرگۈزۈۋەتتى. نىيازخان تۈرمىگە قارايدىغان گۇندىپايغا:

— ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشىمەن، — دېۋىدى، گۇندى-پاي:

— شېڭ زىخۇينىڭ «ئابدۇخالىقنى ھەرقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن بۇيرۇ-قى بار، ھويلىدا تۇرۇپ تۇرسىلا، — دەپ نىيازخاننى ئابدۇ-خالىق ئۇيغۇر سولانغان كامىرغا كىرگۈزمىدى.

نىيازخان گۇندىپايغا ئىككى سەر تەڭگە بېرىۋېدى، ئۇ نىيازخان ئەكەلگەن تاماقنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئەكىرىپ بەردى. گۇندىپاي خېلى ئۇزاقتىن كېيىن تاماق قاچىسىنى داستىخانغا ئوراپ ئاچىقىپ بەردى.

نىيازخان ئۆيگە قايتىپ كەلدى. تۇغقانلار جەم بولۇپ ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. نىياخان ئابدۇخالىقنى كۆرسەتمى-گەنلىكىنى دېۋىدى، ئەرەمسىما خېنىم قاتارلىق چوڭلار كۆز

يېشى قىلىشتى. نىيازخان داستىخاننى ئېچىپ تاماق قاچى-سىنى ئېلىۋېدى، ئىچىدىن شېئىر يېزىلغان بىر پارچە قەغەز چىقتى. تۇغقانلارنىڭ ئوغلى ئابدۇگۇلى ئابدۇللا «ئابدۇخا-لىق ئاكامنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايمەن» دەپ تېخى يېڭىلا كەلگە-نىدى. نىيازخان شېئىرنى ئۇنىڭغا سۇندى. ئابدۇگۇلى شې-ئىرنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

قولۇم باغلاق، كۆزۈم تېڭىق، ئازاب چەكتى تېنىم مېنىڭ،
شۇ ئازابتا، شۇنچە دەردتە يا چىقمىدى جېنىم مېنىڭ،
گۇندىپاي ئالۋاستىلار، زۇلۇم سىلىشتىن يانمىدى،
ئاڭلا خەلقىم، ئابدۇخالىق ئۆز گېپىدىن تانمىدى.
قىيما - چىيما بولسىمۇ گەر، شۇ ئازابتا بۇ تېنىم،
ئەل ئۈچۈن قۇربانى بولسام يوقتۇر ئارمانىم مېنىڭ.

ئابدۇگۇلى شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشىغا ئۆيئىچىدە يىغا - زار كۆتۈرۈلدى.

ئەكبەرخان يار يېزىسىنىڭ بەگ مەھەللىسىدىكى ئۆيىگە مۆكۈنۈۋېلىپ دۈشمەننىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغا-نىدى. ئۇ 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئەتىگەندە چوڭ ئوغلى مۇئەتتەرخاننى كونىشەھەردىكى تۈرمىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر-نى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. تۈرمە ھويلىسىدا گۇندىپايلار مۇئەتتەرخان ئەكەلگەن تاماقنى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئاتىسى-نىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە مۇئەتتەرخان بىر سەر تەڭگىنى قېرى گۇندىپايغا بەرگەندىن كېيىن، ئۇ داستىخاننى ئېلىپ، ئاب-دۇخالىق ئۇيغۇر ياتقان كامىرغا ئەكىرىپ بەردى. نېمىشقى-دۇر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر داستىخان ۋە تاماق قاچىسىنى تېز

چىقىرىپ بەرمىدى. مۇئەتتەرخان كۆتۈپ تۇرمە ھويلىسىدا ئولتۇردى. پەقەت كۈن چۈش بولغان چاغدىلا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاماق قاچىسى ئورالغان داستىخاننى كامىردىن چىقىرىپ بەردى.

ئەكبەرخان ئۆيىدە ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ تاقىتى - تاق بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ پېشىن مەزگىلى بولغان چاغدا ئاندىن داستىخاننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن مۇئەتتەرخاننى كۆرۈپ كايىپ كەتتى:

— ئادەمنى شۇنداقمۇ بىتاقەت قىلغان بارمۇ؟ مۇشۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردىڭىز؟!

مۇئەتتەرخان تۈرمىدىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، ئەكبەرخان پەسكويغا چۈشتى.

— داستىخاننى شىرەگە قويۇڭ، — دېدى ئەكبەرخان.

مۇئەتتەرخان داستىخاننى شىرەگە قويدى. ئەكبەرخان دەرھال ئۇنى ئاچتى. پولۇسى يەپ بولۇنغان قاچا ئىچىدىن قوينىڭ بىر تال ئوتتۇرا ئىلىك سۆڭىكى چىقتى. ئەكبەرخان ئويلىنىپ قېلىپ، سۆڭەكنى قولىغا ئېلىپ قارىۋېدى، ئىچىدە قەغەز كۆرۈندى. ئۇ قەغەزنى ئاۋايلاپ سۇغۇرۇۋالدى.

ئەكبەرخان سۆڭەك ئىچىدىن سۇغۇرۇۋالغان قەغەزنى ئاچتى، ئۇنىڭغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۈرمىدە يازغان يىگىرمە ئۈچ كۇپلېتلىق «ئىچ پۇشۇش» ناملىق شېئىر كۆچۈرۈلگەنىدى. ئەكبەرخاننىڭ ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك ھاياجان قاپلاپ شېئىر يېزىلغان قەغەزنى تۇتقان قوللىرى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆزۈم يۇمسام بىلەلمەيمەن، ئۆزۈم ئۇخلاقمۇ ـ ئويغاقمۇ؟
كۆزۈم ھەم ئىلغىيالماس ئۇ قارامۇ ياكى بۇ ئاقمۇ؟

. . . . . .

سۆزى قاتتىق، كۆزى قىيپاش، بۇ كەلگەن دارىن ئامبالنىڭ
غەزەپلىك كۆزلىرى بىزدە، مەقسىتى بىزنى چاپماقمۇ؟

. . . . . .

جاھان تارىخىدا مەشھۇر، ئاتالغان نامىمىز ئۇيغۇر،
قىلىشمايمىز بۇ شۇملاردىن ئەمەسمىز ياكى ئاقساقمۇ؟

ئەكبەرخاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغلىۋەتتى. ئۇ شېئىرنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇيالمىدى.

— ۋەتىنىم، خەلقىم، ھۆرلۈك، باراۋەرلىك، دېموكراتىيە، ئازادلىق دەپ مۇشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولدىلىمۇ ئوت يۈرەك شائىر! ئۆزلىرىدەك ساھىبقىران زاتقا تۇرپاندىكى بىر ئۆمۈر باياشات مەئىشەتلىرىگە زادى نېمە يېتىشمەيتتى؟! ئۆزلىرىدە پۇل دېسە پۇل، مال دېسە مال، يەر ـ سۇ دېسە يەر ـ سۇ، ئابرۇي ـ ئىناۋەت دېسە ئابرۇي ـ ئىناۋەت ھەممىسى بار ئىدىغۇ؟ ھەي ئىسىت!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرمىگە قامالغاندىن كېيىن دۈشمەنلەر ئۇنى قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ قىيىنىدى ۋە ئالداپ تەسلىم قىلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىگە سادىق بولغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىپ دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. بارلىق چارىلىرى ئاقمىغاندىن كېيىن شىڭ شىسەي ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

# ياشىسۇن ئازادلىق، يوقالسۇن زۇلۇم

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى شىڭ شىسەي ئۆزى سوراق قىلدى. ئۇ قۇۋلۇق ئىشلىتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەكىرگەن ئوفىتسېرنى ئە-يىبلەپ:

— مەن سىلەرگە شائىرغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار دېسەم نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ كويزا ـ كىشەننى دەرھال ئېلى-ۋېتىڭلار، — دېدى شېڭ شىسەي خاپا بولۇپ.

— خوش، شائىر، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— بىز دوستانە سۆزلىشەيلى، ئىككى كۈن بۇرۇن سىزگە ئېيتقان مەسىلىنى ئويلاندىڭىزمۇ؟ — دېدى شېڭ شىسەي سىپايىلىق بىلەن.

— ھەئە، مېنىڭ ئويلىغىنىم خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، ئازادلىقى ۋە ئىنسانىي ياشاش ھوقۇقى مەسىلىسى. مەن بۇنىڭدىن باشقىسىنى ئويلاشنى ھېچقاچان خالىمايمەن، — دېدى ئابدۇخالىق ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— سىز ئىلىم ئەھلى، ياش جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرى-سۇن، مەن سىزگە پۇرسەت بېرەي، — دېدى شېڭ شىسەي.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئورنىدىن دەس تۇردى.

— مەن ئۆز جېنىمغا ئەمەس، بىگۇناھ ئازاب چېكىۋات-قان خەلقىمنىڭ جېنىغا ئىچىم ئاغرىپ مۇشۇ يولغا ماڭغان.

كەلگۈسىدە ھامان بىر كۈنى بىز ئۆز مەقسىتىمىزگە يېتە-
مىز، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەتئىيلىك بىلەن.
شېڭ شىسەي ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى:
— بۇيرۇق ئىجرا قىلىنسۇن!
شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۆت چېرىك
كىردى - دە، دەرھال ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قولىغا كويزا،
پۇتىغا كىشەن سالدى. ئۇلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى يالاپ
سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەربىر قەدەم
تاشلىغىنىدا پۇتىدىكى كىشەنىنىڭ زەنجىرى پۇتىنىڭ ئوشۇقى-
غا تېگىپ قانىتىۋەتتى. ئۇ قانلىق ئىز قالدۇرۇپ يامۇل
دەرۋازىسىدىن كونىشەھەر كوچىسىغا چىقتى. كوچىدا قورال-
لىق چېرىكلەر مىغىلداپ كەتكەنىدى. چېرىكلەر ئابدۇخالىق
ئۇيغۇرنى يالاپ كونىشەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىدىن شەھەر
سىرتىدىكى بازارغا ئاچىقتى. بۇ چىكەتى چۈش بولغان مەز-
گىل ئىدى. بۇرۇنقى قايناق - ئاۋات بازار بۈگۈن ناھايىتى
قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك ھالەتتە ئىدى. دۇكانلارنىڭ ئۆگزى-
لىرىگە كوچىغا قارىتىپ پىلىموت ئورنىتىلغان، كوچىدا ھەر
ئون چامدامدا بىردىن قوراللىق چېرىك خۇددى ئاچ بۆرىدەك
ھۈرپىيىپ تۇراتتى.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يولدىكى بىر تاشقا پۇتلىشىپ سەنتۈ-
رۈلۈپ كەتتى - دە، كەينىگە قارىدى. ئۇ ئۆزىدىن ئون قەدەم
ئارقىدا تۆمۈر جىساھاجى، ئابدۇراخمان قارىي، نەمتۇل زۇ-
پەرھاجى، ئاۋۇتئاخۇن، نىياز ئاخۇن، پولات قارى، سۇڭ
شياۋ، بى سېكپۇ قاتارلىق ئون يەتتە ئادەمنىڭ يۈزلىگەن
چېرىكلەرنىڭ قاتتىق ياللىشى بىلەن كېلىۋاتقىنىنى كۆردى.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەددىنى رۇسلاپ كوچىنىڭ ئىككى قاس-

ـنقىدىكى ھەر بىر دۇكان، ئۆيلەرگە قاراپ مېڭىشنى داۋام-
لاشتۇردى. ئۇ كوچىنىڭ سول تەرىپىدىكى كونا بۇتخانىنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە يول بويىدىكى قاپاق تېرەكنىڭ يوغان ئەگرى
شېخىغا كۆزى چۈشتى. بۇنىڭدىن ئون توققۇز يىل بۇرۇن
مۇشۇ ئەگرى شاخقا 1914 - يىلىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوز-
غىلىڭىنىڭ رەھبىرى ئەمەت تاماقىنىڭ كاللىسى ئېسىلغان-
دى. بۇنىڭدىن ئون بەش كۈن بۇرۇنلا بۇ شاخقا مەشھۇر
رەھبەر مەخسۇت مۇھىتىنىڭ كاللىسى ئېسىلغانلىقىنى تۇر-
مىدە ئاڭلىغانىدى. «ئەمدى نۆۋەت بۇگۈن ماڭا
كەپتۇ - دە!» ئابدۇخالىق شۇنى ئويلاۋاتقاندا قاتتىق ۋارقى-
رىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. جاللاتلار ئەڭ كەينىدىكى تۇتقۇننى
قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىغانىدى. ۋەھشىيلەشكەن جاللاتلار
ھەر ئىككى يۈز قەدەمدە بىردىن تۇتقۇننى قەتلى قىلىپ
كونىشەھەرنىڭ سىرتىدىكى بازار ۋە ئىككى شەھەر ئارىسىدى-
كى چوڭ يولنى قانغا بويىۋەتتى. تارىختا تۇرپان مىسلىسىز
دەھشەتلىك پاجىئەگە تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىۋاتاتتى. ۋۇجۇ-
دىدا غەزەپ - نەپرەت قايناپ تېشىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
ئاستىنقى كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ قانىتىۋەتكەنىدى. ئۇ
يېڭىشەھەر كوچىسىغا يېتىپ كەلگەندە يۈرىكى دۈپۈلدەپ
سوقۇشقا باشلىدى. ئاۋات رەستە ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەنى-
دى. ئۇنىڭ بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى مۇشۇ شەھەردە ئۆت-
كەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ يالقۇنلۇق ھېس-
سىياتىنى باسالماي شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيمەكنى ئۆزۈمگە ئىپتىخار قىلدىم،
سېنىڭ ھەققىڭ ئۈچۈن جاننى مىڭ كەررە نەزىر قىلدىم.

— ئاغزىڭنى يۇم! — ۋارقىرىدى چېرىك. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چېرىككە ئالىيىپ قاراپ قويۇپ مېڭىۋەردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭىشەھەرنىڭ مەركىزىدىكى قازىخانا مەسچىتى ئالدىغا كەلگەندە چېرىكلەر ئۇنى توختاتتى. ئەتراپتا قوراللىق چېرىكلەر مىغىلداپ كەتكەنىدى. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە ئورنىتىلغان پىلموتنىڭ سۇرلۇك ئاغزى مەيدانغا قارىتىلغانىدى. كوچا ئېغىزلىرىدا ياللانما ئاق رۇس باندىتلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئەتراپنى قامال قىلىپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاخىرقى مىنۇتلارنىڭ كېلىۋاتقىنىنى سەزدى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇردى ـ دە، ئۈنلۈك شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەسىر بوپ قالدىم مەن، دۈشمەن قولىدا،
پۇت - قولۇم باغلاندى ئۆلۈم ئالدىدا.
چېپىلسا قىلىچتا بۇ ئەزىز تېنىم،
تۆكۈلگەي زېمىنغا پاك قىزىل قېنىم.
بىزگە بار ھەرقاچان ئۆلۈم يا كۆرۈم،
ئۆلۈمدىن قورقماقلىق ئۆزى بىر لۆم - لۆم،
كۆتۈرگىن بېشىڭنى، تىك تۇت قەددىڭنى،
جەڭ قىلىپ مەن ئۆلسەم، ئېچىلغاي گۈلۈم.

دەل مۇشۇ چاغدا كونىشەھەردىن بىر برونېۋىك گۈرۈلدەپ يېتىپ كېلىپ مەيداننىڭ چېتىدە توختىدى. ئۇنىڭدىن شىپاڭ شىسەي چۈشتى. ئۇ جاللاتلار باشلىقىغا قولىنى شىلتىپ بۇيرۇق بەردى. جاللاتلار تۆمۈر جىسا ھاجى، نەمتۇل زۇپەر ھاجى، سۇڭ شياۋلارنى كەينى - كەينىدىن قەتلى

قىلدى. جاللاتلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئابدۇخالىق ئۇي-غۇرغا زەھەرلىك قولىنى سېلىشقا تەييارلاندى. شائىر ئالدى-غا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن جاللاتلارغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قا-راپ قويۇپ، قەددىنى رۇسلىدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ ئاۋۋال ئۇيغۇرچە، كېيىن خەنزۇچە، ئاخىرىدا رۇسچە تىللاردا ياڭ-راق ئاۋاز بىلەن مەردانە خىتاب قىلدى:

— كۈن ھازىرلا ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. جاھاننى قاراڭغۇ-لۇق قاپلايدۇ. لېكىن شۇنى بىلىڭلاركى، ئەتە يەنە تاڭ ئېتىپ كۈن پارلايدۇ!...

سەنلەر بىزنى قىرىپ تۈگىتەلمەيسىلەر. بىر پۈتۈن خەلقنى قىرىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. بىر ئابدۇخالىق-نى ئۆلتۈرگىنىڭلار بىلەن، ئەتە مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ ئاب-دۇخالىقلار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىزنىڭ بويىنىمىزغا تەڭ-لەنگەن قىلىچلار بىلەن سەنلەرنىڭ كاللاڭلارنى ئالىدۇ. يا-شىسۇن ئەركىنلىك! ياشىسۇن ئازادلىق! يوقالسۇن زۇلۇم!

— چاپ! — جېنىنىڭ بارىچە سەت چىرقىرىدى شېڭ شىسەي ساراسىمگە چۈشۈپ ھودۇقۇپ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قانغا بويالدى. تاڭ ئالدىدىكى بىر نۇرلۇق يۇلتۇز مەڭگۈ ئىز قالدۇرۇپ ئۆچتى. بىردىنلا ھاۋا تۇتۇلۇپ ئاسمان ـ زېمىننى لەرزىگە سېلىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ تاراسلاپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

1996 ـ يىلى ئىيۇن، تۇرپان

**图书在版编目(CIP)数据**
早觉醒的人-阿布都哈力克/买买提·夏尼亚孜著.
-乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2001.6
(名人系列故事丛书)
ISBN 978-7-5371-4132-1

Ⅰ.早… Ⅱ.买… Ⅲ.阿布都哈力克-生平事迹
-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K825.6

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第25558号

策 划 者: 艾尔肯·伊布拉音
责任编辑: 艾尔肯·伊布拉音
责任校对: 阿布列孜·阿巴斯
依巴达提·亚森

名人系列故事丛书
**早觉醒的人-阿布都哈力克**(维吾尔文)
买买提·夏尼亚孜 著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编:830049)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐吴坤彩印有限公司印刷
787×1092毫米 32开 3.875印张
2001年6月第1版 2009年4月第2次印刷
印数:5001-8000

ISBN 978-7-5371-4132-1 定价:6.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : زۇلپىقار يۈسۈپ



بالدۇر ئويغانغان ئادەم

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

ISBN 978-7-5371-4132-1

باھاسى : 6.00 يۈەن